ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر

بوغدا ئابدۇللا

# قەدىمىي يارغولدا كەچ كۈز



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىر

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر **ئاچىل**

لۇتپۇللا مۇتەللىپ **يىللارغا جاۋاب**

نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى سايرامىي **ئالدىدا**

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر **ئۆمۈر مەنزىللىرى**

تېيىپجان ئېلىيېۋ **تۆگمەس ناخشا**

مۇھەممەد رەھىم **جان تەسەددۇق**

مۇھەممەتجان راشىدىن **ئانا تاغلار**

بوغدا ئابدۇللا **قەدىمي يارغولدا كەچ كۈز**

روزى سايىت **ئانا تىلىم — زەر تىلىم**

ئوسمانجان ساۋۇت **زېمىن قەسىدىسى**

ISBN 978-7-228-11690-4

9 787228 116904 >

定价：15.00 元

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

بوغدا ئابدۇللا

# قەدىمىي يارغولدا كېچ كۈز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

古交河的晚秋：维吾尔文/博格达·阿卜都拉著. 一乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.6（2009.2 重印）
ISBN 978－7－228－11690－4

Ⅰ.大… Ⅱ.吾… Ⅲ.诗歌－作品集－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I 227

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 081013 号

| | |
|---|---|
| 作　者 | 博格达·阿卜都拉 |
| 责任编辑 | 买买提吐尔地·米尔孜艾合买提 |
| 责任校对 | 赛娜瓦尔，古丽夏尔 |
| 特约校对 | 亚生·扎依莫夫 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　话 | 0991－2827472 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　刷 | 新疆新华印刷二厂 |
| 经　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　张 | 5 |
| 插　页 | 4 |
| 版　次 | 2008 年 7 月第 1 版 |
| 印　次 | 2009 年 2 月第 2 次印刷 |
| 印　数 | 5001—8000 册 |
| 定　价 | 15.00 元 |

# نەشرىياتتىن

بوغدا ئابدۇللا 1941 ـ يىل 11ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى لەنجۇدا تىجا-رەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . كېيىن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ئۈرۈم-چىگە كۆچۈپ كېلىپ، 1960 ـ يىلغىچە ئۈرۈمچى 2 ـ رادىيومۇئەللىمىن قارمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ۋە ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان . 1960 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەزكۇر فاكۇلتېتتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان . 1980ـ يىل يۇنەن ئۇنىۋېر-ستېتىدا «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقا-تى» كەسپىدە بىلىم ئاشۇرغان . 1998ـ يىل پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن . 2001 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققان .

شائىرنىڭ 1954 ـ يىل «شىنجاڭ ياشلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىن-غان «دېھقان قىزلىرى ھەققىدە قوشاق» دېگەن شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن . 1960ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە باللار شېئىرلىرىنى كۆپ يازغان . 1960 ـ يىللاردا يازغان «چوغلۇق باللادىسى» ناملىق ئەسىرى ئۇنىڭ شېئىرىيەت تالانتىنى نامايان قىلغان . 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدە ئۆ-زىگە خاس ئۇسلۇب شەكىللىنىشكە باشلىغان . 1990 ـ يىللاردىن باشلاپ ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدە روشەن يۈكسىلىش بولدى . مۇشۇ يىللاردا يېزىلغان «سالغا تېشى» ناملىق داستانى ئۇنىڭ پىشقان ئۇسلۇبىنى نامايان قىلدى . ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ «باھار غۇنچىلىرى» (1978 ـ يىل)، «يەلكەن» (1983 ـ يىل)، «چۈش كۆرىدۇ بىر توپ ئانارگۇل» (1988 ـ يىل)، «قىز قەلئەسى» (1993 ـ يىل)، «سالغا تېشى»

(1998ـ يىل)، «شېئىر مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ» (2002 ـ يىل)، «بېـ-
زىقچىلىق توغرىسىدا» (1983 ـ يىل)، «بېزىقچىلىق ئىلمى» (1996 ـ
يىل)، «شېئىرىيەتتىكى بوشلۇق» (2004 ـ يىل)، «كومزەك كۆتۈرگەن
قىز» (2004 ـ يىل) قاتارلىق شېئىرلار توپلىمى، ئىلمىي ئەسەرلىرى ۋە
تاللانغان ئەسەرلىرى نەشر قىلىندى. شائىرنىڭ ئەسەرلىرى خەنزۇ،
رۇس، ئۆزبېك، قىرغىز، ئوردۇ قاتارلىق تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

بۇ كىتابقا شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر
تۈركۈم مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.



# مۇندەرىجە

## شېئىرلار


يارغول ........ 1
ئانا ........ 2
كروران مەلىكىسى ........ 7
تۇرپان ........ 8
كىچىكىنىنىڭ سىرى ........ 9
تاغلارغا ئاققان ئاق بۇلۇت ........ 10
سىگنالار ........ 11
مۇقام ........ 13
ئەكس سادا ........ 15
ئىزىمنى ئىزلاش ........ 16
ئۆردەك ........ 17
سايلىق ........ 18
سائادەت ........ 20
موللا توختىيۇزىدە ........ 21
ئالدىنقى سەھەر ........ 22
ياۋايى رەيھان ........ 23
كرورانغا قايتىش ........ 24
ئەسكىشەھەر ........ 26
ئايگۈل، يىغلىما ........ 27
تۆمۈرتى ........ 28

دېڭىز ئۈستىدىكى چۈش ..... 29
تاغلارنىڭ قىزى ..... 30
يىلانبۇلاق ..... 31
يېرىم كېچىدە دەقىقە ئۇزۇن ..... 32
سەرۋەك ..... 33
ئاق سېرىن، قەرزدارمەن ساڭا ..... 34
قالغاي ..... 35
باغراش كۆلى ..... 36
قورايدىكى غول سۈيى ..... 38
شېئىرىيەت ئىلاھى ..... 39
غېرىب جاڭگال ..... 40
بىر رىۋايەت ..... 41
چوغ ..... 42
قايتقان قۇشلار ..... 43
قارلىق تاغ ..... 44
ئۇد چالدۇ پارس دىلبىرى ..... 45
مۇشائىرە ..... 47
قىزىل ئەتىرگۈل ..... 48
بىر تۈپ دەرەخ ..... 49
بابۇر ..... 50
مۈشۈك ..... 51
مەرمەر ئۈستىسىغا ..... 53
قۇمتاغ ..... 54
لاھۇر ..... 55
قىز قەلئەسى ..... 56
ۋاششەر ..... 57
ئاقتاش رىۋايىتى ..... 58
تۈنىش ..... 60
قەبرىستان ..... 61




www.uyghurkitap.com

ئانجان، ئانجان، ياشىغىن ئۇزاق ........................ 62
ئاق قۇ ھەققىدە رىۋايەت ........................ 65
بۇغرىقۇم ........................ 66
نورۇز ئانا ........................ 67
يالغۇز ........................ 68
كۆمۈر ئادەم ........................ 69
بۇگۈن ۋە ئەتە ........................ 70
باغداش كېلەسى ........................ 71
گۈلئەھمەر ........................ 72
جىگدە دەرىخى ........................ 73
يېتىم بالا ........................ 74
پالۋان قىز ........................ 75
سەنتۇر ........................ 76
بوۋاي ۋە سەييىاد ........................ 77
رۇبائىيلار ........................ 78
پۇشايمان ........................ 79
زىدە قەبرىلەر ........................ 80
قايتىش ........................ 81
سايرام رىۋايىتى ........................ 83
شىر ........................ 84
سۇ ........................ 85
سوۋغا ........................ 86
قۇرۇم تاغ ـ كوئىنلۇن ........................ 87
گۇناھكار كېلىن ........................ 88
ئۆركىشگىنى بەرگىن تۆگىلەر! ........................ 90
ئاق ئەتىرگۈل ........................ 91
سىگان قىزى ھەققىدە تۆت كۇپلېت شېئىر ........................ 92
قەدىمىي يارغولدا كەچ كۈز ........................ 93
پالچىلار ........................ 94

مىرەن ........ 95
قۇرمىش ئاتا ........ 96
بىرقۇر خەت ........ 97
قىيا تاش ........ 98
كاككۇك سايرىغان دەريا ........ 99
ئەرەب دېڭىزى ........ 100
كېرىيە دەرياسى ........ 101
تۇرنا شەپىسى ........ 102
گۆر ئوغرىسى ........ 103
شائىرە ........ 104
قۇشلار باھارنى چىللايدۇ ........ 105
تارىم ........ 106
چۈش كۆردۈم بىر تۈپ ئانارگۈل ........ 109
ئايدىڭ ........ 110
ئانا تىلىم ........ 111
دېڭىز، يوپۇرماق، جانان ........ 112
شاھزادە ........ 114
دۇلدۇل ........ 115
ياقۇت دۇنياسى ........ 116
ئۇزاق ........ 117
مەستۇرە ........ 118
كومزەك كۆتۈرگەن قىز ........ 119
قاشتېشى ........ 120
ئەي دۇنيانىڭ خىلۋەت بۇلۇڭى ........ 121
تۆگە ........ 123
ئارغان ........ 124
قۇتتاغدىن ئۆتۈش ........ 125
لۈكچۈن مەدرىسى ئالدىدىكى كوچا ........ 126
مۇرتۇق غولىدا ........ 127

گۆھەر ........................ 128
ئاخىرقى كارىز سۇلىرى ........................ 130
پاختەك نېمە دەيدۇ ........................ 131
قۇم ........................ 132
ئاقىتكەن ........................ 133
ھېيتگاھنىڭ ئالدىدا ........................ 134
پۈچىلىنىش ........................ 135
نورۇز بوۋا ........................ 136
سۇلتان سەئىد قىلىچ مازىرى ........................ 137
بىر ئەما قىزنىڭ ھاسىسىغا بېغىشلاپ ........................ 138
چەرچەن يولى ........................ 139
كېچىدە دېڭىزغا نەزەر ........................ 140
بىر تۈپ سىرلىق دەرەخ ........................ 141
شېكەر توغراق ........................ 142
بىر تال بېلىقنىڭ دەپنە مۇراسىمى ........................ 144
چېقىل ........................ 145
ئوقا بويان ........................ 146
شەرقتىكى تاغلار ........................ 147
يولچى ........................ 148
ئاللىچى راۋاب ........................ 149
قەدىمكى كېچە ........................ 150




ئۇيغۇر كىتابلىرى پىچىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى
www.uyghurkitap.com

# يارغول

ئاپتاپقا بەرداش بېرىپ، كۆيگەن،
شامالغا بەرداش بېرىپ توزۇغان .
ئاڭلانماس ئەسرلەرنىڭ قىيا ـ چىياسى
ھەم ئىز قالدۇرمىغان قان .
قەدىم راھىبلارنىڭ تىلاۋەتلىرى
مىس قوڭغۇراقلارنىڭ ساداسى نەدە؟!
قوشۇلۇپ مەبۇدىلەر بىلەن
ھەممىسى ئاسمانغا سۇرۇلۇپ كەتتى ـ دە!
يېڭى بىر ئەسرنىڭ ئادىمى
يۈرۈشەر بۇندا ئۈزۈلمەي، نېمىنى ئىزدەر؟
كۆرۈش كېرەك جاڭگال بولسا ھەم،
تاڭ قالدۇ چەكچىيىپ كۆز ـ گۆھەر.
ھە! بۇ كۈنچىقىش
قۇياشنى تۇغقان تەرەپ،
ئەجەبا ئوخشاشماس بىر سەنئەت،
كەم قالامدۇ موناستىردىن[1]
سوئاللار جاۋاب تاپار بىر ـ بىرلەپ .

1990 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

[1] موناستىر ــ گىرىتسىيىدىكى بىر شەھەر

# ئانا

توقسانغا ئۇلاشتى،
كۆزى خىرەلەشتى،
تونۇمايدۇ گاھىدا سىنى،
سىنى چاقىرماقچى بولۇپ
چاقىرىدۇ باشقا بىرىنى،
باشقا بىرى چاقىرغاندەك .

توقسان ياز،
توقسان كۈز،
توقسان قىش،
توقسان ئەتىياز،
ئۆتۈپ كەتتى
ماڭلىيىغا ئىز سىلىپ،
ئۆتۈپ كەتتى سۇدەك
ئەمدى،
تېتىكلىكى يوق
بۇرۇنقىدەك .
كۆرپىدە ياتار،
ئىشىككە قارار،
سەن كەلمىسەڭ بىر كۈن
كۆڭلى يېرىم بولار،
كۆزىگە ياش ئالار،

كىچىك بالدەك .
ھەي!
جاھاننى ياشاپ تۈگىتىپ قويدى
ئەمدى مېھماندەك!

كۆكتۈل نازۇك نەرسە،
كۆتۈرەلمەس گەپنى
سۇ - مىسقال تۆمۈرنى كۆتۈرەلمىگەندەك .
شۇڭا
تاشلىما ئۇنى،
ئۇنتۇما ئۇنى،
يوقلا!
تاتلىق بىلەن!
ئاچچىق - چۈچۈك بىلەن!
ھالداش،
مۇڭداش،
ئوغلى بولمىسا ئوغلى بول!
قىزى بولمىسا قىزى بول!
يۇيۇپ قوي،
چاچلىرىنى تاراپ قوي،
دۈمبىسىنى سىلاپ قوي،
پۇتىنى تۇتۇپ قوي،
شۇنداق قىلساڭمۇ
بىر كىچە بەرگەن سۈتى ھەققىنى
تۆلىيەلمەسەن
بولۇپ پايپېتەك!
ئۇ بولمىسا
سەن قېنى؟!
مەن قېنى؟!



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب

توقۇز ئاي
توقۇز كۈن
توقۇز سائەت
توقۇز دەقىقە
كۆتۈرگەن بىزنى قورسىقىدا،
ئاش ئىچسە،
نان يېسە،
كىر يۇيۇپ ...
يول يۈرۈپ،
جاھان لەرزىگە كەلگەن تولغىقىدا ...
چاقماق چاققاندەك،
بوران گۈركىرىگەندەك!

بىز!
ئۇنىڭ بەختى،
ئارزۇسى ئىدۇق،
بۈگۈنى،
ئەتىسى ئىدۇق .
بىز!
ئۇنىڭ قايتا تۇغۇلۇشى ئىدۇق،
ئوغۇل بولۇپ،
قىز بولۇپ .
بىز!
ئۇنىڭغا ئوخشىدۇق :
كۆزىمىز ئوخشار،
قېشىمىز ئوخشار،
بۇرنىمىز ئوخشار،
ئاغزىمىز ئوخشار،
گۈل ـ گۈلگە ئوخشىغاندەك .

كۆز نۇرىمىز،
قارا چېچىمىز،
قېنىمىز
ئۇنىڭ ئىدى، ئۇنىڭ ...
خۇددى سۇنىڭ بېشى بولغاندەك .

ئىنسان
ھەم ئەقىللىق بولار
ھەم نادان
كۆيەر بالىسىغا،
كۆيمەس ئانىسىغا،
ئانا كۆيەر بالىسىغا:
سېنى ئاسماندا ئۇچسا دەيدۇ،
دېڭىزغا شۇڭغۇسا دەيدۇ،
تۆھپەڭنى كۆرۈشنى تىلەيدۇ
شەيخ جايىنامازدا تىلىگەندەك .
تاپسا
بىر تال كەمپۈت،
بىر تال ئالما،
گېلىدىن ئۆتمەس،
يالغۇز يېگۈسى كەلمەس
سېنى يەۋالسۇن دەيدۇ،
سېنى ئورۇقلاپ قالمىسۇن دەيدۇ،
كەپتەر باچكىسىنى ئاسرىغاندەك .

توقسانغا ئۇلاشتى،
قۇلىقى ئېغىرلاشتى،
چىشى چۈشكەن،
بېلى ئېگىلگەن،

بېشى ئاغرىيدۇ،
پۇتى سىرقىرايدۇ...
لېكىن،
تۇرغۇسى كېلەر،
يۈرگۈسى كېلەر،
ھاسىسىنى تاشلىغۇسى كېلەر،
يۈرگۈسى كېلەر ياش، قىرانلاردەك .

يەر ئايلىنار،
ۋاقىت ئۇچار،
بۈگۈننىڭ بوسۇغىسىدا
ئەتە ساقلاپ تۇرار.
شۇنداق،
قېرىيدۇ بارچە:
ئادەممۇ،
دەرەخمۇ،
قۇشلارمۇ ...

1983 ـ يىل 2 ـ ئاي، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ماكانى

# كروران مەلىكىسى

ئويغىنىدۇ زېمىننىڭ سىرى .
ئۇزاق سۈكۈت ـ تەنها بىر چېكى .
دىدار مۇلاقات
مەلىكىنىڭ توسقۇنسىز ئەركى،
ياغاچ تاۋۇت، كالا تېرىسى
ياتقان پېتى زەررە قۇم كۆرمەي،
باش كىيىمى پەيلەر سانجىقلىق،
ئەسىر ـ ئەسىر قىياس بىلىنمەي .
ئەۋۋىلىدە تىرىك پەرىزات،
ئاخىر يا بىر چەۋەندازدۇر.
كۈللى مەدھىي پۈتۈلگەن نەگە،
ھېچ بىلمىدىم كىم قۇرئەندازدۇر.

2005 ـ يىل 4 ـ ئاي



# تۇرپان

چاچۋەر خىيالىمنى تېرىقتەك،
پارچە - پارچە سايلىرىڭ ياپىپىشىل .
سەيدىخان تاغلىرى تۇمانلار ئارا
يەنە يىراقلاپ كەتىسمۇ ئىبسىل .
سۇ تۇگمەنلىرى ماڭدۇ ۋاڭشىپ،
تۈگە قولتۇقىدا پىشقان ئاق ناندەك
كاكچىلار ئوخشايدۇ يازغى تونۇردا،
ئوشتۇسا ئاغزىڭغا تېتىيدۇ قەندەك .
ئايدىڭ باشلىنىدۇ ئاپئاق شايدەك
چۈچەك ئاڭلىشىدۇ تونۇر بېشىغا كېلىپ .
كارىزلاردا ئوڭغۇل - دوڭغۇل يول،
ئاتلار پۇشقۇرار، هارۋا چاقلىرى ئايلىنىپ .
سەھەرلەردە ئوت يۇلسا، ئۇششاقلارغا
ئېلىپ كېلەر خەمەكلەرنى ناشتىلىق .
تۇمشۇقىغا بىرنى سېلىپ قوغۇنى
ئالىچۇقلاردا يەپ كېتىدۇ بەك تاتلىق .
پاراڭلىرى ئىسسىق باسار ئادەمنى،
چۇشۇڭدىمۇ ئاڭلىمىغان ھەر لەقەم .
ئامراقلىقتىن تىللىشىدۇ سالامدا،
بىر گىرىمسىز ھاياتكى بۇ خاتىرجەم .

1990 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

# كېچىدىكى سىرىن

يېشىل ياپراقلارنىڭ تاجىسىمۇ ئۇ،
تۈن بوشلۇقىدا سايىسى سالقىن .
ھىدىنى ئۈزىتار ئۆمرىدە بىر رەت،
ھەر مەستانە ئۆچۈندۈر ئايقىن .
يېقىن كەلسەم شېخىغا ئاستا
قاپتۇ ئۆمۈچۈك تور تارتىپ .
ھېسلىرىم ئۇ بىلەن يىلتىزداش،
كەتتى خىياللارنى ئۈزارتىپ .

2005 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى



# تاغلارغا ئاققان ئاق بۇلۇت

تاغلارغا ئاققان بۇلۇت،
ئاينى ئەگمە، ئەگكىن مېنى .
شاماللارغا تۇتقۇزۇپ قويماي
چېچەككە سېپىپ ئۆتكىن يېشىمنى .

سەن ئۇزايسەن بۇ دەقىقىدە،
باش باھارنىڭ بىر كېچىسى بۇ .
تەنها قالدىم ئاغزىمدا بىر چوغ،
بۇ نىدانىڭ قەلەمچىسىمۇ؟



# سىگانلار

بىزانس سېپىللىرىنىڭ خارابىلىرى
ھېلمۇ تۇرۇپتۇ دېڭىز بويىدا .
سەكسەن ياماق چېدىر ئۇنىڭغا يانداش
كۆرۈپ قالىمەن گاھى - گاھىدا .
ئەي سىگان، چېدىرىڭ سېنىڭ يۇرتۇڭمۇ،
كۆچمەنلىك تەقدىرى پېشانەڭمۇيا،
نېمىنى ئىزدەيسەن قەدىمدىن تارتىپ
ساڭا ھەمراھ بولغانمۇ ئوقيا!
نەزىرىڭدە بەخت دېگەن ئۇقۇمغا
ئۇزۇن ياشاش بولالماس ئۆلچەم .
بىر كۈن ئاز ياشساڭ تارتىشمايسەن ھېچ
بولسا دەيسەن مۇناسىپ بىر تەم .
قارا قۇمچاق سېنىڭ قىزلىرىڭ
كۆزلىرى ئىچىگە مۆككەن بىر سېھىر.
قارىدىم ئۇن - تىنسىز تەئەججۇپتە مەن
گۈل تۇتتى تىلىنى بىلمىدىم ھېچبىر.
مەشرىقلىق شائىرمەن كۆرگەنلىرىم كۆپ،
ناخشىسىدىن بىلگەن بۇ قىزنى .
يىگىتلىكىم كەلسە ئىلكىمگە
ئۇيغۇرچە بىر سۆيسەم ئۇ قارا كۆزنى .
ھوشۇمنى ئىزدىدىم زىننىخلىرىدىن،
بىر ئىما ئەيلىدى قولۇمغا قاراپ .

بەختىم ئۇچۇن ئاچماق بولدى پال،
ئىچىمدە دېدىمكى: كەتمە ئالدىراپ .
لېكىن بۇ پۇشايمان بوپقالدى ئاخىر
كاشكى باقتۇرۇپ باقساممۇ بولغان .
نېمە دەر ئىدىكى ئادىتى بىلەن
كارى چاغلىق ئىدى ئېيتسىمۇ يالغان .
مۇڭلۇق ئىسكىرىپكا ئوينار ئەرلىرى
ئارامگاھلاردا ئۆز خىيالىدا .
ئەي ئىنسان، ئۇنىڭغا بەرمىگىن ئازار
قوي ئىختىيارىغا خۇدا يولىدا .
ئەركىن تەبىئەتكە ئەركە مىراسخور
يېشىللىقتا يايغان كەڭ غۇلاچ .
مۇھەببىتىنىڭ رەڭگىمۇ يېشىل ،
كەچمەس ئۆلگۈچە گەر ئىچسە ئۇماچ .
يېلىنىش، ئەندىشە، يوق ئەسلا خۇشى
تىنچ مەنزىرىگە جان بىلەن ئاشىق .
يۈرگەندە غىچىرلاپ كېتەر ھارۋىسى
تۈنىگەن يېرىدە قۇچاقلار مەشۇق .

1989 ـ يىل، مەرمەر دېڭىزى بويىدا

## مۇقام

باشلاردا تەلپەك، ساقاللار ئۆسۈك
تاپانلار تىلىنغان تىلىم ـ تىلىم .
قول باغلاپ تۇرىدۇ ئالدىڭدا
شۇنداق ئادەملەر بۇ قەلبى بىجىرىم .
ئۇلارنىڭ ئالقىنىدا كۆكەرگەن باغلار
قاقاس دەشت ھۆسنىنى ساقلىغان .
جۇش ئۇرغان ئۇ ھارارەتنى
ئاتەشكە تەڭلەشتۇرۇپ بولامدىغان .
تاغلارنىڭ باغرىدا جاھان تۇتۇپ
بىلىدۇ تاغلار بىلەن مۇڭدىشىشنى .
ئۇزۇن چۆللەردە ئىستىقامەتنى
يۈرىكى خەتلىگەن ھەربىر تىۋىشنى .
ئۇلارنىڭ قەلبى تەكلىماكان،
بۇ ياۋايىلىقتىن بەرمەيدۇ دىرەك .
ئۇلار مىڭئۆيلەرگە سۈرەت سالغاندا
قايسى بىر قىتئە تارتاتتى خورەك .
ئاھاڭلار ئۇچۇپ كەلدى ھەر قاياندىن
ئۇنىڭدا قەلەم قاشنىڭ كەشتىسى بار،
ئۇنىڭدا يىگىتلەرنىڭ يۈرۈشى بار،
ئاھاڭلار چىقىپ كەلدى جىلغىدىن
بازغانلارنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن،
كاتاڭ يوللاردىن،

ئۆكۈزلەرنىڭ تۇمشۇقىدىن .
لەپىلدىدى ئاھاڭدار شايى
مەشرەپكە چۈشتى سۇ ئاستىدا تاش .
بۇ قىيام، بۇ تۇتىيم، بۇ ۋاقىت
بۇ بىر سەنئەت ئىبھرامغا ئوخشاش .
بۇ بۇيۇكتىكى بۇلاق سۈيى،
بۇ قەشقەر، بۇ ئىلى شارابى .
بۇ ئاقارغان سۆڭەك، بۇ تىرىك جان،
بۇ قەدىمنىڭ تىرە كىتابى .
بۇ روھقا كىرىپ بارغان نۇر،
بۇ چىكىدۇ روھ ساتارىنى .
بۇنىڭ ئالدىدا
تەمبۇر يوقىتار ئىختىيارىنى .
داپ باشلاركى، دۇتار تەڭكەشتە،
نەي سىلجىيدۇ يۇرتى باياۋان .
چۆرگىلەپ كېتىدۇ چاڭ، راۋاب،
قالۇن غەيرەتتە ھەر تارى لەرزان .
ئاجايىب بىر ھال
تۆگىلەر تارتقان ئاھاڭ رىشتىسىنى،
مۇزارت،
بىز بىلمىز بېتخوۋىن سىمفونىيسىنى .
لېكىن، بىلگەنلىكنى بىلمىدۇق
مۇقامنى، چىققان كېمىر، كەپسىنى .
بۇنىڭغا تاڭ قالغۇلۇق ئەمەس،
بەيگىدە نېچۈن تەڭ كېلەلمەس ؟!
بۇگۈنكى ماھىرلار چالغاندا
قايسى يۈرەك تىترىمەس ؟
قايسى مەيدان تەۋرىمەس ؟

1992 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

www.uyghurkitap.com

# ئەكس سادا

مۇقەددەس سىيمالار روھقا ئايلانسا
كۆندە خىيالدىن چىقماس چۆرگىلەپ .
قىسقا دۇنيانى بولمايسەن بىلىپ،
پەرىشانلىقتا كەچ ھەم ئەتىلەپ .
كېزەرسەن نە ئامال قايغان قىيىقتەك،
كىم قانداق سوقۇلار قايسى قىرغاقا .
ۋاپايىڭ جۈپ كەلسە، جاپالىرى تاق،
نە ھاجەت بېشىڭنى ئۇرماقلىق تاغقا .

2005 ـ يىل 4 ـ ئاي



# ئىزىمنى ئىزلاش ...

باغقا چۈشتى كەچ،
تۈننى ياردى بىر قارا يۇلتۇز -
بوستان سۇمبۇل چاچ،
بىلدىم بوينۇمغا بىر تېلى چىرماش .
قۇندۇزمدۇر بۇ، مەشرەپ بولدىما،
لەيلدى روهم، ئىزىمنى ئىزلاش ...

2002 - يىل



# ئۆردەك

— كرورانىي بايقىغان ئوسمان ئوماق ئوغلى

كېلەلمەي كەلدىم ئەمدى قەبرىگە،
ماڭا تونۇش مالخاي ـ قالپىقى.
باشقىغا ئەمەس، ئاڭا ئۇچرىغان
غايىب شەھەر، پۈتۈك ساندۇقى.
بۇ كرورا ئاجايىپ قىسمەت،
بام[1] شەھرىگە ئوخشاش تەقدىرى.
ئۇ زاماندا
تىلسىمغا كەلگەن ياۋروپالىق،
ئاسىياغا نە كېرەك قەدرى!
قىين بىر تېپىشماق خارابە،
نېسىپ بولغان
شۇ بوۋايغا بوراندا بىر كۈن.
بۇ ئەلۋەتتە گۇناھى ئەمەس،
روھنى قارغاش ئەپسانە يەكۈن.

2002 ـ يىل، لوپنۇر

① بام ـــ ئىراندىكى 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمىي شەھەر.

# سايلىق

I

زەن سالسام
بىر كونا ئەستىلىك يا قەدىم تۇرا،
بارغانچە ئۆڭگەن ئەسلىي ـ تۈسى،
قىرقىلغان چەت ـ چۆرىسى،
ئادەملەر غۇۋا
قېنى ئۇ يىللارنىڭ قارىسى؟
بوشلۇقتا سىڭگەن بىر ئىزگۈ ناخشا،
يا نەزم يوق، يا سۇتۇق .
قىيقاسمۇ يوق،
تاڭ بولمىغۇلۇق .
ئۇ گويا
ئاتام زاماندىكى بىر ئىبرىق،
شاماللار تىندۇرغان،
يۆتكىلىپ ئېقىن يوللىرى سۇسىرىغان .
ئادەملەرنىڭ يۇلتۇزى
سۇ يۇلتۇزمىدۇر دەۋرەپ تۇرماس،
ئوت يۇلتۇزمىدۇر چولپانغا قىياس،
شامال يۇلتۇزمىدۇر گۇركىرەپ توختىماس،
تۇپراق يۇلتۇزمىدۇر تارازا تارتالماس !

II

نە كېرەك بىزگە باغ تاماشاسى،
ئەنبەرمۇ يا شۋاق پۇرىدى ئىللىق .
بىر دەققە تەنھالىق
تۇيۇلدى ماڭا ئۇزاق ـ مىڭ يىللىق .
قېنىكنە ۋاقتنىڭ بېشى،
يېنىمدا باردەك ھېلىلا،
ۋاقتنىڭ ھازىرى
ئۇزاپ كۆزدىن يىتكەندەكلا
مەنچۇ؟!
بىر تال ساماۋى مۆلدۈردەكلا
(ئاسماندىن قايسى كۈن چۈشكەندەكلا!)
ئېرىپ يوق بولدۇم، تەقدىرا!

1998 ـ يىل 12 ـ ئاي



## سائادەت

مەيۈسلەنمە باش ياستۇقتا دەپ،
سەرلەپ كىرىپ چىقار مىسقاللاپ .
پۈچىلاندى شۇ غەمدە ھەكىم،
شىپا كېلەر بىر كۈن قوش قوللاپ .

كۆز نۇرۇڭدا ئۈمىد ئۇچقۇنى،
يوللار كۈتەر ماڭسا دەپ سېنى .
ئۆسۈش ھەمدە ياشاش چوڭ ھەققىڭ،
ئىلكىڭدە ئويغات سائادىتىڭنى .

2007 ـ يىل 1 ـ ئاي، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurbook.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر مۇنبىرى

## موللا توختىيۈزىدە ...

I

ئالتۇن تاۋاقتەك ئاي
ئۆرلىمەكتە شەرق تەرەپتىن

II

سادىرنىڭ ئۆيلىرى نەدىدۇ؟
ئىچكەن سۇلىرى قايسىدۇ؟
ماڭغان يوللىرى شۇمىدۇ؟!

III

تۆيۈلدى يېنىمدا تۇرغاندەك،
نەپەس ئالغاندەك،
كۈلگەندەك،
مالخىينى قىرلاپ ناخشا ئېيتقاندەك .

IV

دال چۆنقىنى ئات قىلىپ،
باللار چىقىشتى ئالدىمغا!

1974 ـ يىل، غۇلجا

# ئالدىنقى سەھەر

دېرىزەمگە ئولىشىپ
قۇشقاچلار ۋىچىرلاپ توختىماس،
تىڭشاپ قالدىم سۇبھى سادىقتا
نېمە گەپتۇر ھېچ بىلىپ بولماس .
ئېھتىمال
بىز كۆرمىگەننى قالغاندۇ كۆرۈپ .
يۇكسەكلىك ئالدىدا سىر يالىڭاچ،
جاندارلار قانات ياپماس تەلمۈرۈپ .

2005 ـ يىل، 4 ـ ئاي



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ماكانى

## ياۋايى رەيھان

قەدىم ھاسىلاتى تاغلىمۇتاغلار،
قىيادا ئېچىلغان ياۋايى رەيھان.
خۇش پۇراقلىرى قالماس دەسسىلىپ،
ئىچكەن سۈيى مېھرىگىياھ يالىغان.
ئۇلۇغ - ئۇلۇغ چوققىلار ئاندا،
ئۇ ئىشقتا كۈن - تۈنى ھەلەك.
تاش يىلتىزى، گىياھ يىلتىزى،
تۇتاش ئاخىر پەقەت بىر يۈرەك.



# كرورانغا قايتش

ـــ بىر شائىرغا جاۋاب

نەدە سەن، كروران، نەدە سەن!
جەنۇب قۇملۇقلىرىدىن ئىزدەيمۇ سېنى،
ملك يىللار ئۇخلىدىڭ، بەس ئاشۇ يېتەر،
سېنى تاپۇرمەن هامان ـ هامنى.
كىم ئۇ «كروران قايتمايدۇ» دېگەن،
«ئەۋلىيا» سۆزىگە چىنپۇتمەس كۆڭلۈم.
ئۇ يەردە كۆمۈلۈپ ياتقان مەن تۇرسام،
ئۆزۈمنى تاپالماي يۈرەيمۇ ئۆزۈم.
قەدىم توغراقلارمۇ كەتتى كۆمۈلۈپ،
قەدىمكى تۇتۇنلەر نىشانىدىن ئىز.
ياق، ئۇلار ئەرشكە چىققان كۆتۈرۈلۈپ،
بەلكى هەربىرى بىر يۇلتۇز.
ئاهۇ پەريادلارنى يۇتۇپ كەتكەن يەر،
قەدىم ساپاللاردا قالغان كېلەچەك،
كېلەچەك ئۇخلايدۇ، ئويغىنار بىر كۈن،
قۇشلار ئارىلىدا ئېچىلغان كەبى چېچەك.
قۇلىقىم تۇۋىدە ئاق قۇ ساداسى،
يىراق مۇز دەۋرىدە بۇ يەرلەر
ئېھتىمال دېڭىزدۇر شاۋقۇن تىڭلىغان.
قۇشلار تەبىئەتكە پەيۋەندە،

چايقالغان شۋاقلار تاردۇر ئىپتمال .
قۇشلار كەتكەن، بەلكى قايتقان،
قۇملار گۆرۆلدىشىدە ھەممە ـ ھەممىسى .
تەبىئەت باغرىنى يارمايدۇ ئاسان .
قەدىمكى تۇخۇملارنىڭ ئاپئاق قاسرىقى،
بەلكى ئاق چۆجىلەر قاتقان تاش بولۇپ .
ئۇلار تارتىشقان، قىيمىغاندۇر ھەم
توپاندەك بالادا شاش بولۇپ .
ئەنە، ئۇپۇقتا يانىدۇ شەپەق،
يانىدۇ بۇغىنىڭ مۈڭگۈزىسىمان .
مەستانە توز كەبى خىيالغا پاتتىم،
خوش! مەن كەتتىم كروران سايان .



# ئەسكىشەھەر

— خارابىلىكتە

كىم دەيدۇ شەيتان شەھرى، دەپ
بۇ قۇمۇلنىڭ ئىبھرامى .
ھۆركىرىگەن سەلتەنەتنىڭ
بۇگۈنگە قالدۇرغان بىر چاڭگال قۇمى
ۋە يا بىر جامى .
ھۇشقۇيتقىنى شامال ئەمەستۇر
يىراق قەدىمنىڭ نەرىسى .
ئاڭلا، قۇلاق ياق تۇپراققا،
نەپەسلىنىپ تۇرىدۇ ئىگىسى .

2005 ـ يىل 11 ـ ئاي، قۇمۇل، ئۈرۈمچى



# ئايگۈل، يىغلىما!

— قىزنىڭ يېزىسىدا

يىغلىما، يىغلىما،
دەردلىرىڭنى بىلدۈ ساما،
ئاتاڭنى قويۇپتۇ كەتمەنلەپ،
جىگەر پارەڭ ئاناڭدۇر ئەما .
بىر كۆلگۈدەك يۇرستىڭمۇ يوق،
ساڭا پەقەت تىلەيمەن چىدام،
بۇ تۆشۈك بەختىڭنى بىر ئۆزۈڭ ياما !

2002 ـ يىل، ئاقسۇ





ئۇيغۇر كىتابلىرى ئارخىپى
www.uyghurkitap.com

# تۆمۈرتى

بۇندا ئۇيۇل مۇز
ئالەم بىلەن تەڭ كېسىلگەن كىندىكى .
چوققىلار ھەشقىپېچەك ئەمەس،
تەستۇر ھەم بۆركۈتنىڭ يەتمىكى .
دەپ قالدۇ ئادەم :
سۇلارنىڭ ئانىسى شۇمدۇ .
يۇمرانلىقتىن قاتقانغا قەدەر
كەچمىشى، يازمىشى نەدىدۇ ...

2005 ـ يىل، قۇمۇل



# دېڭىز ئۈستىدىكى چۈش

يۈرەرمىشمەن دېڭىزدا تەنھا،
ئايىغىمدا كۆپۈكلەر ئاپئاق .
شوخ دولقۇنلار ئوينىشار ئىمىش،
ماڭا سىرداش چايكىلار ئويغاق !

سۇ تەكتىگە كۆز تىكەرمىشمەن،
كۆرۈنەرمىش بارچە مەۋجۇدات .
بىر سەدەپنى كۆرۈپتىمىشمەن ،
ئېچىلغانمىش نۇر چېچىلىپ يالت .

ئاستاغىنا چىقىپ كېلەرمىش،
ناز ـ كەرەشمە ئىچىدە جانان .
كىيگەن ئىمىش ئاق لىباسىنى،
ناخشا ئېيتىپ قاراپ مەن سايان .

مەست بۇلبۇلدەك ئاڭلار ئىمىشمەن،
كۆيدۈرەرمىش ئىشق يالقۇنى .
كەتكەنمىشمەن ئېچىلىپ ئۇزاق،
مۇھەببەتنىڭ بولۇپ يەلكىنى !

1981 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

# تاغلارنىڭ قىزى

شۇنداق بىر تۇغۇلغان ئوغۇلغا تالىق،
مۇلكىڭىز ئىرۇر تاغ، شەھەر بارلىق .
ئۇدۇملار بار سىزدە، قىشتا كۆك مەشرەپ،
بۇغدايدىن مايسىڭىز بەك ئەتىۋارلىق .
تاغلار پىچىرلىسا، سۇلار شاۋقۇنلاپ،
ئاپئاق ئايدىڭدا كېزىپ شائىرە،
سەھەر قۇشلىرى ئىلھامغا يولچى،
قېنى كەل بولايلى دېگەندەك جورە .
پېقىرلار بېشىغا ھۇمادەك قونۇپ،
خۇرجۇنىغا ئالتۇن تولدۇرۇپ،
ئەجىر ۋە ۋىجدانىنىڭ ساھىبى—
قالدىلا يۇرتىنىڭ ئاتىسى بولۇپ .

2005 ـ يىل، قۇمۇل



www.uyghurkitap.com

# يىلانبۇلاق

قورقۇپ كەتمە يىلان دېسە
زەھىرى بار ئەلۋەتتە شۇنداق .
چېقىلمىساڭ چېقىلمايدۇغۇ،
ياخشىلىقى ئىلاھىي بىراق .
بىر بۇلاقنى كەلمىشتۇر ساقلاپ
ئىنسان بىلمەس خاسىيىتىنى .
دەل نىرىنىڭ تۆپىسىدە ئۇ
ئەمدىلەتىن قالدى بايقىلىپ،
ھەي ئادەملەر،
قاندۇرار تەھقىق
كېلەچەكنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى .

2005 ـ يىل 8 ـ ئاي، قۇمۇل



# يېرىم كېچىدە دەقىقە ئۇزۇن ...

يېرىم كېچىدە دەقىقە ئۇزۇن،
لەۋلىرىڭنى روھىمغا چىلىڭ ياق .
خىيال، ئۇيقۇدىن جاق تويدى جېنىم،
سەن ماڭا شەبنەم، گۈل ھەم يوپۇرماق .

كىچىك بىر ھۇجرىدا ياشىدۇق يىل ـ يىل،
كۆمۈلۈپ كەتسە گەر مۇھەببەت،
تېخى يېڭىياچە تونۇشقاندەك بىز ،
كۈلكىمۇ، يىغىمۇ باغلىغان ئەبەت ؟!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى

## سەرۋەك

زۈركىنىڭ باغرى جەننەتنىڭ باغرى،
شۇ يېتى تۇرۇپتۇ شىكارگاھ .
خىنىم چوققىسى ئەمەس رىۋايەت،
توققۇزى تەل، مەپتۇندۇر سەييياھ .
بۇ يەرگە ئوچۇقتۇر ئاسمان قوۋۇقى،
يۇلتۇز شاخلىرىنى ئېگەلەيسەن ھەم .
پەرىشتە چىرايدۇر تاغچىلار،
ئۇلار زېمىنغا چۈشكىلى نېكەم .

2005 ـ يىل 8 ـ ئاي، قومۇل



## ئاق سېرىن، قەرزدارمەن ساڭا ...

باغ يېنىدا،
شوخ ئېچىلغان سېرىن ئالدىدا،
تۇرۇپتىكەنمەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ،
رەھمى كېلىپ گۈلچى موماي
بېرىۋىدى بىر شاخنى سۇنۇپ .
خوش يارىشىپ گۈلدانىغا،
ھۇجرامنى ئوخشاتقان بوستانغا،
بىراق، شەنگە بىر پارچە شېئىر
قەرزى ماڭا قالدى ئارتىلىپ،
نە زامان ئىلھامنى چىللىغانغا .
بۇ باھاردا
چېچەكلەپتۇ ئاق ئۆرۈك ئاق تۇماندەك
كۆرۈپ كۆڭلۈم بىر قىسما بولدى،
خىيالىمدىن ئۆتتى شۇ سېرىن
تۇساتتىن چۈشۈمگە كىرىپ قالغاندەك .

www.uyghurkitap.com

## قالغاي

تاغنىڭ ئوتى ھەر قىسما
بەزىسى بار ھەسەل چېچەكلىك،
بەزىسى دورا خاسىيەتلىك،
گۈللىرى ياۋا سەنئەتلىك،
ئۇلارمۇ ئادەم تەبىئەتلىك .
قالغايغا تەگمەڭلار ھەرگىز،
ئۇلار ئەمەس ئۇنداق شەپقەتلىك .
بىر قولۇمنى چاقتۇرۇپ قويدۇم،
بىلدىم
ئادەمگە كېرەك ئاگاھ دېگەن،
ھەر جاي بولمىسىمۇ تۆتەكلىك .

2005 ـ يىل، قۇمۇل



# باغراش كۆلى

سۇدىن لەززەت ئېلىپتۇ ئاسمان،
نىپىز تۇماندا تاغنىڭ تۇمشۇقى .
دېڭىزلار ئانىسى ئۆزۈم دەرمىدۇ،
چەكسىزلىك ـ بۆشۈك ھەم ياستۇقى .
سەھەرلەر،
جىمىرلار ئالتۇن قۇمسىمان،
نامەلۇم ۋاقىتتەك ئاقار شۇ تاپتا .
قومۇشلار نەچچە بىر ياپ ـ يېشىل ئارال،
قارا غاز غاقىلدار ئۇزاق ـ ئۇزاقتا .
ئوماق سايرىغان يېكەن قۇشقىچى
سۇبھى تاڭ يېكەنگە يامىشىپ،
ئاق قۇ، ئاق چاپاق، سۇ توخۇلىرى
ئالدىراش ئادەمسىز خىلۋەت تالشىپ .
چۆمگەك سۇ قۇشلىرى بىردە كۆرۈنۈپ
بىر دەمدە نەگىدۇر بولىدۇ غايىب .
شىلدىر شامال سۇ پەرىسىنىڭ
يۇمران قولىدەك راھەت ئاجايىپ .
سۇ شالاقلار، لەرزان چايقىلىپ قېيىق
بېلىقچى كۆرۈپ ياتار يۇلتۇز ماگغانىنى .
تور ئاغزىدا لەيلەيدۇ قاپاق،
بىدار تالىماس ئانچە ئاسانىنى .
رىۋايەت ئاستىدا شەھەر، قەلئەلەر،

www.uyghurkitap.com

ئاۋازلار چىقارمىش تۈن قارا لەيلەپ.
قۇشلار نەزىرىدە ئەرزىمەس ئەمەس،
سۇ بەتلىرىگە قويار خاتىرىلەپ.
ئادەم ئاتا تۆرەلمىگەندە
خورازغا ئوخشىغان كۆلنىڭ سىيماسى.
قىچقىرىپ تۇرغاندەك شۇندىن ـ شۇنىغچە
قويىندىن تۆكۈلۈپ تىللاسى.

2002 ـ يىل، باغراش



# قورايدىكى غول سۈيى

بويۇڭغا كەلدىم ئىككىنچى قېتىم،
شاۋقۇنلىرىڭ چىللاپتۇ مېنى .
ئۆركەشلىگەن كۆك بۇلۇتمۇ سەن،
بىر ئۆزۈڭ باس ئۇسسۇزلۇقۇمنى .
بېشىڭ قارلىق، يوللىرىڭ ئەگىم،
سورىدىكى كىممۇ هالىڭنى .
باغلار ساڭا لەيلى كۆرۈنۈپ،
بېرىپ پۈتكۈل ئىختىيارىڭنى .

2005 ـ يىل، قۇمۇل



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر مەنبەسى

# شېئرىيەت ئىلاھى

— يوپېزدا

كۈن ـ كۈن بېشىمغا سالسەن سايە،
سېنىڭسىز جاھان ماڭا ئاپتاپ ـ پىژغىرىم .
ئىچىمنى بوشتاي، ئۇنىڭسىز
كۆيۈپ تۆكەيدۇ جىگىرىم .
گاھ مۇڭلانسام ئەزىز دوستۇمدەك
ئىلھام يوللايسەن ھالىمغا يېتىپ .
بەزلەيسەن مېنى مىسرالار بىلەن،
ھېسلىرىمنى قوزغاپ، ئۆرلىتىپ .
ماڭا ئادىمىيلىكنى بەخش ئەتمسەڭ،
ھاياتلىق يولىدا ڤالسام تەمتىرەپ،
كىم بېشىمنى سىلار ئىدى تاڭ:
— كەل ئوغلۇم ئالدىمغا،— دەپ .
شېئرىيەت تاجىنى قىلمىدىم تەمە،
بولغۇم كەلدى دالىدىكى سېرىق چېچەك .
ئىنساني سۆيگۈدە ئىنسانىنى سۆيدۈم،
مەيلى كېچىكىپ كەلسۇن كىلەچەك !

# غېرىب جاڭگال

— يەر ئاستى يولىنىڭ پەلەمپىيىدە

بىر سۈزۈك چىراي،
بېشىغا قارىسام بىر كونا تەلپەك،
خىزىر ئەلەيھىسسالام راۋابقۇ چالماس،
كىم بىلىدۇ چالمايمۇ قالماس،
مۇڭلىرى باشلايدۇ غېرىب جاڭگالغا،
ئۆتكۈنچىلەر تىڭشار، تىڭشىماس .

قۇشلارنىڭمۇ دەردلىرى باردۇر ...



## بىر رىۋايەت

كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ
قۇلىقى تۈۋىدە قومۇشلار كۆكلەپ،
يېتىپ كېتىپتىكەن يەرنىڭ ئۈستىدە
قەدىمكى بىر ئادەملەر
ياشاۋېرىپ ئەسىرمۇ ئەسىر،
بىلمەس ئىكەندۇق ئۆلۈمنى ھېچبىر .
تەڭرى ئويلاپ، ئۆلۈمنى توغرىلاپ
سالغىنىدا كالىغا دەسلەپ،
تېتىۋېتىپ ئۇنىڭ تەمىنى
جىم تۇرغىلى ئۇنىماپتۇ مۆرەپ .
بولمىغۇدەك بۇ چارە دەپ،
ئادەمگە سالغانمىش ئىككىنچىلەپ .
قاراپ باقسا،
بىرى ئۆلسە بىرى ھازا ئاچقۇدەك،
بىراۋلار توي تارتىپ ئويناۋاتقۇدەك .
بۇنى كۆرۈپ تىنىپتۇ كۆڭلى،
شۇندىن بۇيان،
كېلەرمىش پەلەك شۇنداق چۆرگىلەپ .

# چوغ

I

بۇ يەرلىكلەر
ھەتتا
ئانار دانىسچىلىك
چوغنى ساقلايدۇ .
ئۇشقىرتقاندا قىش شامالىرى
تۈن نىسپىدە كۆمۈپ قويىدۇ ،
سۇبھى تاڭ تېشىلگەندە
قىزارتىپ ئاتەشنى يالقۇنجىتىدۇ .

II

قوشنا قىزلارنىڭ
ئىشىك چەككىنى
چوغ سورىغىنى !

III

ھە راست
كۆيگەن ئوتنى ئۆچۈرۈپ بولماس !

1964 ـ يىل، غۇلجا، ئۈرۈمچى

# قايتقان قۇشلار

قار ئاستىدىن دان ئىزدىگەن قۇشلار،
ئۈن ـ تىۋىشسىز قايتار بىر ـ بىرلەپ .
قاراڭغۇ ئورماندا، كۆل ياقىسىدا
تۆكۈلگەن پەيلىرى خاتىرە ئەبەد .

قۇشقا قۇش يىغلىسا دانالىق،
قۇش يىغىسىنى يىغلىماس ئادەم .

1991 ـ يىل 7 ـ ئاي



# قارلىق تاغ

يېتىپتۇ بىغۇبار ساما تەختىدە
ۋۇجۇدى قار ـ مۇزدىن بىر مۇمىيا .
دۆشلەرنىڭ ئۈستىدە كۆرمىسەڭ بىكار،
غايىبلىق ئىچىدە تۇرغاندەك گويا .
تۆۋەندە ئاقماس كەچ كۆز شاملى،
پەلەكتە بۇركۈتنىڭ قانىتى ئاقشۇل .
يېپىنچا ئارچىلار بېغىرلاپتۇ يەر،
بۇندا ئەبەدىيلىك يوللىرى ئۇدۇل .

2005 ـ يىل، قۇمۇل



ئۇيغۇر كىتاب
www.uyghurbook.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېچىتى

# ئۇد چالدۇ پارس دىلبىرى

بۇ ئاخشام،
لىباس كىيىپ قارا يىپەكتىن
ئۇد چالغاندا پارس دىلبىرى،
كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى يالت قىلىپ،
يېسىنىنىڭ[1] نازۇك تەسۋىرى .
مۇشتاق ئىدىم ئۇزۇندىن بىرى،
ماڭا قارماق تاشلىدى سېھرى،
كىرپىكىگە قالدىم ئىلىنىپ
تاسادىپ ئىلكىدە ئىنسان تەقدىرى .

بۇ ئاخشام
«بوستان»[2] ۋە يا «گۈلستان»[3] دا مەن
خىيالەن سەيرى ئەتكەن ئىلگىرى .
ھەر پىلسىراتقا ئاچقۇچى تەييار
خىزىردەك ياشىغان سەئدىنىڭ
مانا تۇرۇپتۇ دىدارى .
پارس قىزى، ئەي سىمابتەك قىز،
ئېيتىپ باققىنا، ساڭا چېچىلغان
قايسى يۇرتنىڭ ئىپار ـ ئەنبىرى؟
رەڭگىڭنى ئوخشاتتىم ئاق ئالمىغا
زىنىخىڭ مىسالەن بادامنىڭ قىرى .
زۇلپى چېچىڭ قايسى تۈن ـ غارنىڭ
شوخ ـ شوخ ئۇرغۇپ تۇرغان كەۋسىرى .

قەدىم سىڭىپ كەتتى قۇمغا سىڭگەندەك
قوي زەخمىكىڭنى بىر دەمگە نېرى .
ياز مەۋسۇمى ھەم گۈل ھارىقى
نېسى ئەمەس، ئەۋزەل ھازىرى .
ھەييام جامىنى كەلدىڭمۇ ئالغاچ
مەيسىراپ قالغاندۇر ئۇزۇندىن بېرى .
بىلىقتەك قولۇڭدا ئىچىپ ـ ئىچىپ
ئەشئار ئوقۇسام مەستىمكىن دېمە
مەن مۇشۇ يۇرتنىڭ بىر شائىرى .
بىزنىڭ كۆزىمىز يامان كېلىدۇ،
توپىدا ياتساقمۇ ئۆچمەس گۆھىرى .
ئىسپاھان گۈزەللى جانغا ئوت ياقتىڭ
يۈرەككە مۇزنىڭمۇ بولماس ئەسىرى .
ۋىناس سېنى كۆرسە قىلدەك تولغىنار
ئەمەس بۇ رىۋايەتچىنىڭ تەبىرى .
كەل چېكەڭگە قىساي بىر چېچەك
ھەربىر يۇرتنىڭ بىر خاسىيىتى
كېيىنگە قالسا ئەستاغپىرى .
يۈرەكلەرگە قونسۇن ئۆتتۇشمە كۆۋرۈك،
دۇنيا قىيامەتنى كۈتۈپ ئولتۇرما
ئىنسان سۆيسۇن بىر-بىرى بىرى .
قېنى ئەمدى ئۇدۇڭنى چال، تەڭكەشلە
مۇقامدا ئۇيغۇرنىڭ تەمبۇرى .

1991 ـ يىل

① سىرگىي يېسېنىننىڭ «پارس كۈيلىرى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② ③ «بوستان»، «گۈلستان» ـ پارس خەلقىنىڭ 13 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى شەيخ مۇسلىھىددىن سەئدى شىرازىنىڭ 1257 ـ 1258 ـ يىللىرىدا يازغان ئىككى ئۆلمەس ئەسىرى.

# مۇشائىرە

تاغلار باشى تۇمانسىز،
كۆيۈپ كەتسەك تۈيمايسىز.
(قۇمۇل قوشىقى)

كەچ كۈز شارابىنى كىم قۇيغان؟
دۇرمۇ يا، كۈيمۇ يا تۆكۈلگەن، جانان.
دەقىقە ئۇيىنتىپ ئۆتتى كۆڭلىنى،
كىم دەيدۇ پۇرسەتنى ئاسان ـ ئاسان؟!
بىز مۇساپىر، مۇساپىر قەبرىسىدەك،
ھۆرلەرنىڭ قىشىغا نەدە چولا، سان.
قوللىرىم ئۈستىدە بىر يالقۇن،
كاۋاپ قىلاي دەمسەن ۋە يا كاۋاپدان.
لاتاپەت ـ كەرەشمەڭ ئوقتەك قادالدى،
كۆكسۈمنى تۈتۈپ باقسام قان ـ قان.
بۇندا ئۆلتۈرسەڭ مېنى شېھىت دېمەس،
قىلاي دەمسەن ئىزىڭنى قەبرە ـ ماكان.

1991 ـ يىل



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ماكانى

# قىزىل ئەتىرگۈل

سەھەرگە تەلمۈرۈپ ئېچىلغان بىر جۈپ ،
ياۋايى ئازغانغا ئۇلانغان شېخى .
جانلىنار ياقۇتتەك سۇنىڭ ئىچىدە،
يۈزى ئېچىلمىغان بىر قىزدەك تېخى .
يامغۇردا كۆرىمەن نازۇك تۇرقىنى،
شەبنەمگە ئايلىنىپ كەتمەكتە بەرگى .
ئېچىلىش شەيئىگە ئەمەس مەڭگۈلۈك ،
قىزارغان روھىدا ئۇچقۇنلار كۈلكى .

1995 ـ يىل، ئونسۇ



www.uyghurbook.com

# بىر تۈپ دەرەخ

قۇشقاچلارنى ۋەتەنسىز دېمەڭ
بىر تۈپ دەرەخ ئۇلۇغ ماكانى .
گۈل قىلغاندا، يۇر قىلغاندا ھەم
ھەر ياپراقتا ئارزۇ ـ ئارمانى .
قىيالارنىڭ شارقىراتمىسى
سادا بىرلەن بەرگەندەك گۇۋاھ .
گەرچە ئۇلار تىلسىز يارالغان
بىزچۇ ، لېكىن
چىدام كېتىپ قىلمىز ئاھ ـ ۋاھ .

2005 ـ يىل، قۇمۇل



# بابۇر

كەچۈر، بابۇر، مەندىكى مىجەز
خاس قالمىشتۇر ئۆمەر ھەييامدىن،
لاھۇر گۈلىدىن ياسالغان شاراب
جانان لېۋىدەك مۇشۇ بىر جامدىن،
ئوتلىغىنا، مەستۇ مۇستەغرەق
بولۇپ بارساق مەھشەرگە ئۇدۇل،
ئەجەب ئەمەس «بابۇرنامە»دىن
تېرىلىپ قالساق جاھانغا بىر يول.

1988 ـ يىل، پاكىستان

## مۈشۈك

مۈشۈك يۈرەر قەبرە بېشىدا
مياۋلايدۇ ئەجەب بىر ئاچچىق،
كۆن چۈشكەنمۇ بېشىغا مۈشكۈل،
نېمە ئىزلەر؟ نە سەرسانچىلىق؟
يا ياۋايى يۈرگەنمۇ بۇندا ؟
يا قالدىمۇ ئەتە ئاخشام ئاچ ؟
ئېلىپ كەلدى قايسىبىر شامال؟
نېمىلەرگە بولدىكىن موھتاج؟
ياق! ياق! ئۇ بىر ئەركە ھەم ياۋاش،
ئۆيدە ئۆسكەن ئارسلان چېغىدىن،
باققان ئۇنى بىر قېرى ئانا،
ناننى ئېلىپ بېرىپ ئاغزىدىن .
سەپكۆن چۈشۈپ قاتقان قوللىرى،
دۈمبىسىنى سىلىغان ئۇزاق .
ئاشۇ رەھىم ۋە شۇ ئەقىدە
شۇ مۇھەببەت، ئاشۇ ئىشتىياق،
تومۇرلاردىن تومۇرغا ئۆتۈپ،
سۈت ئورنىدا سىڭگەن قېنىغا،
ئايرىۋەتكەچ موماينى ئەجەل،
تۇتقاندى مۈشۈكنى يىغا.
مۇسىبەتكە چىنپۈتمەيدۇ ھېچ،
نەدىن كەلدى بۇ تەخىراۋان ؟!

ئاق ئىچىدە ياتقان ئانىغا،
قاراپ ـ قاراپ بولماقتا ھەيران !
بىراق يىقىن كەلگۈزمەيدۇ ھېچ ،
ئېتىبارسىز قالدى ھازىسى .
باغرى قاتتىق ئادەملەر بىلسە،
ئانا ئەسلى ئۇنىڭ ئانىسى !
جىنازىنىڭ دولقۇنىدا ئۇ،
بىر ئۇيانغا ئۆتىدۇ يىغلاپ،
بىر بۇيانغا ئۆتىدۇ يىغلاپ،
توپىلارنى تاتىلاپ، مىياۋلاپ ...

1983 ـ 1984 ـ يىللار، ئۈرۈمچى .

# مەرمەر ئۇستىسغا

ئەسلي سوغۇق مەرمەر دېگەن تاش،
گۆھەر قولۇڭدا كىرەر ئاڭا جان .
ياسارسەنمۇ بۇۋاپا دۇنيا ـــ
ھەسرىتىنى يۇتسۇن دەپ كۆلدان .

1988 ـ يىل، بەلۇجىستان ـ كويتا





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ماكانى

# قۇمتاغ

بارغىنىڭدا ئاقتاش سايان،
قۇمتاغ دېگەن بار قەدىمدىن بۇيان .
ئەكس سادا يانار چۇشلۇكى،
قىلىچ، ساۋۇتنىڭ جاراڭلاشلىرى،
قۇلاق تۇۋىدە غايىبتىن ئايان .
قۇملىرىنى كىم چاچسا بوگۇن،
يىغلىپ قالىدۇ ئەتىسى،
ئەقلىڭ يەتمەي ھەيرانۇ ھەيران .
سىر دېگەننى يەشمەك بەك مۇشكۇل،
دېگۈڭ كەلمەس تاغلارنى تاشتىن،
تىن تارتمايدۇ باغرى بىر ئوكيان .

2005 ـ يىل 8 ـ ئاي، قۇمۇل

# لاھۇر

لاھۇر، قېنى بارمۇ خۇمدانىڭ،
سالغىن قېنى، بولاي پارچە خىش .
«شالىمار»[1] نىڭ تاملىرى ئارا،
تۇرۇۋەرسەم بولۇپ بىر نەقىش .
مىڭ يىللاردا سۆڭىكىم قالماس،
تاپسا ئەۋلاد روھىمنى بۇندىن .
ئىقبال[2] بىلەن مېڭىپ يانمۇيان،
خانتەڭرىگە چىقاتتىم ئاندىن .

1988 ـ يىل، پاكىستان .

① «شالىمار» ـــ لاھۇردىكى قەدىمىي باغ.
② ئىقبال ـــ پاكىستاننىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ ئاتاقلىق شائىرى، پەيلاسوپ. ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال (1877 ـ 1938).



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى

# قىز قەلئەسى

قەدىمدە بىر پادىشاھ
يىلان كۆرۈپ چۈشى بۇزۇلۇپ،
ئارزۇلۇق قىزىنى جابدۇندۇرۇپ،
باققانئىمىش نەچچە ـ نەچچە يىل،
بوغۇز ئىچىگە قەلئە سالدۇرۇپ .
بىر كۈنى،
بىر بىلىقچى كىمىنى ھەيدەپ،
سىۋەت ـ سىۋەت ئۈزۈمنى يۈكلەپ،
بارغىنىدا مىۋە ساتقىلى،
ئۇسساپ ـ ئۇسساپ ئۈزۈم ئالغان قىز،
بىراق كۆزدىن كەتكەندەك چەتلەپ،
بىر سىۋەتتىن چىقىپ بىر يىلان،
نەشتەر ئۇرۇپ قويغانىمىش يۈكلەپ .
شۇندىن بېرى
سىگگەن بۇ نام «قىز قەلئەسى» دەپ .
رىۋايەت دەيمىز بىزغۇ بۇنى،
ھەقىقىتى بار تېگىدە ئاددىي .
قۇلۇلە قېپىدا ساقلىساڭمۇ جان،
تەقدىر ئالدىدا بار كىمنىڭ ھەددى؟

1989 ـ يىل، مەرمەر دېڭىزى بويىدا

# ۋاششەر

چوقچايغان دۆڭچەكلەر ئۈستىدە يۇلغۇن،
قايغان شامال چىقار دەممۇدەم .
يەر بېغىرلايدۇ قۇملار شىرىلداپ،
كەلمىش ـ كەتمىشنى بىلەلمەس ئادەم .
ۋاششەر سىرلىق ئوردىنىڭ ئۆزى،
ۋاز ـ ۋاز زامانلىرى غايىب ۋە تىمتاس .
سۆڭەك، ساپال، داشقاللار ئاندا،
ياۋايى تاشلىرى بىدار ئۇخلىماس .
سادالار كېلىدۇ قاراپ باقساڭ يوق،
تىرىلىپ كەلگەندەك يەنە رىۋايەت .
«يوقلۇق ساندۇقى» دەپتىكەن ھەييام،
شۇ مىسرا سۇرىتى ئوخشايدۇ غايەت .
بىشەپقەت تەبىئەت ئاگاھلاندۇرار،
قەھرىنىڭ ئالدىدا بارچە جان
ئۇ ئەركى ـ مەيلىچە يول تۇتۇپ
تارىخقا ئېچىپ قويغانمۇ ئالقان ؟!

2005 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ۋاششەر



www.uyghurkitap.com

# ئاقتاش رىۋايىتى

ئارپا نان يەپ بىر چوپان
ئىلگىرى كەلمەي بۇندا بىر زامان،
يىغلامسىراپ پادا كەينىدىن
بىر كۈن پەلەككە قاراپ يالۋۇرغان:
– قۇرۇپ كەتتى يايلاق ۋە يىلتىز
نەكەم بولدى ياغمىدى يادا .
قۇرۇق ئۇستىخان تامام قويلىرىم
بىر ئاز سەمرىتىپ بەرسەڭ، ئەي خۇدا !
مەقبۇل بولۇپتۇ ئەرزى – تىلىكى،
سەمرىپ قاپتۇ قويلار ئەتىسى .
لېكىن كۆڭلىدە قىلماي شۈكرانە،
بولغاننىڭ يەنە كېلىپ بولغۇسى،
ئىلتىجا قىلسا ئىككىنچى مەرتە
بۇنىڭغىمۇ هە دەپتۇ تەڭرى .
قۇيرۇق ساپتۇ ماللار كۈنسايىن،
بۇ ئىلتىپات كۈتكەندىن كەڭرى .
ئۈچىنچى مەرتە ئاغزىنى ئاچقان،
بالا نەپسىنى يەنە چاندۇرۇپ،
قەهرى كېلىپ يارانقۇچىنىڭ
قويغانىمىش بارچە جاندارنى
بىر كېچە ئاقتاشقا ئايلاندۇرۇپ ...
شۇندىن قالمىش مۇشۇ بىر ئاقتاش

قانچە يامغۇر، قار ـ مۇز ئىچىدە،
تويماس كۆزنىڭ ئىبرەت ئەينىكى
ئىززەت ئويغاتسا ھەر كۆرگۈچىدە .

2005 ـ يىل 11 ـ ئاي، قۇمۇل – ئۈرۈمچى





www.uyghurkitap.com

# تۇنىش

—— لوپنۇردا بىر ئاخشام

ئاينىڭ بىر پۈتى قەدىمدە،
ئۇنى بىزاۋال قىلغان نۇرى .
قوملۇقتا – بىر شاپىلاق يەردە
ئاگا تۇنىار ئالقاننى جۇپلەپ
پادىچى يىگىت – لوپنۇر ئۇيغۇرى .
ئۇ ئىستىمەس ئالنە ئۆچكىنى
دەيدۇ : يۇلتۇزۇم بولسۇن يۇقىرى .

2002 ـ 2004 ـ يىللار ، لوپنۇر ـ ئۈرۈمچى



## قەبرىستان

ئەسسالام قەبرىستان، قەبرىلەر
مۇساپىرلىق يامان يىراق ئۆلكىدە .
بەلكى ئۇيقۇڭلار كەتتى بۇزۇلۇپ،
كاشكى بولساڭلارمۇ يەرنىڭ تەكتىدە .

يۇرتۇڭلارغا بارغۇزماي قىسمەت
ئاھ، قىيىندى بىكاردىن ـ بىكار.
بىلمەن تاكى قىيامەتكىچە
رەيھان پۇرىقىغا سىلەر ئىنتىزار.

# ئانىجان، ئانىجان، ياشىغىن ئۇزاق

تەشەككۈر، جان بەردىڭ، يەتتە ئەزا ساق،
ھېچكىمدىن كەم ئەمەس، يا قىڭغىر ئاقساق .
تونۇماس، خورىماس ئەقىل، بىلىمنى
بۇ تەشنا يۈرەككە سىڭدۈرگەن شۇنداق،
ئانىجان، ئانىجان، ياشىغىن ئۇزاق !

ئۇلۇغلۇق بابىدا ئۆزۈڭ يېگانە،
ئېسىللىق بابىدا ئۆزۈڭ دۇردانە .
ھەر ئەمسەم، شورىسام، كۆكسۈڭ چىشلىسەم،
ۋاي دېمەي بۇركۈتتەك تۇردۇڭ مەردانە،
ئانىجان، ئانىجان، ياشىغىن ئۇزاق!

دەم تۇرۇپ يىقىلسام، يۆلىدىڭ كېلىپ،
سەن ئۈمىد ئۈزمىدىڭ ئازىلىق دەپ بىلىپ،
«ماڭسەن بىر كۈنى، قەدەم باسقىن» دەپ،
ئۆمرۈمنى تىلىدىڭ، كەلدىڭ كۈچ بېرىپ،
ئانىجان، ئانىجان، ياشىغىن ئۇزاق !

چۈشىنى ئات قىلسام سۆيۈۋەرگەن سەن،
ناخشىلار توقۇلسام كۆيۈۋەرگەن سەن .
بوز ئېچىپ، سۇ تۇتۇپ ئالغاندا خامان،
«ئالقىش ئال، ئوغلۇم» دەپ ئىلھام بەرگەن سەن،
ئانىجان، ئانىجان، ياشىغىن ئۇزاق !

www.uyghurkitap.com

ئەقىدەڭ بۈيۈكتۇر، رەھىمىتىڭ كەڭدۇر،
تەبەسسۇم ئەيلىشىڭ قۇياشقا تەڭدۇر.
يۆلەنسەك تەۋرىمەس، يىقىلماس تاغسەن،
يايرىساق كەڭ باغرىڭ لالە ـ چىمەندۇر،
ئانىجان، ئانىجان، ياشىغىن ئۇزاق!

قولۇڭغا قارىسام قاداقلاردىن ئىز،
ماڭلىيىڭ ئۈستىدە قورۇقلاردىن ئىز.
ئىرادەڭ قاش تېشى، قەلبىڭ يورۇڭقاش،
مېھنەتلىك ئىرۇرسەن، لېكىن مىننەتسىز،
ئانىجان، ئانىجان، ياشىغىن ئۇزاق!

ئوغلۇڭمەن، نۇر دېسەڭ كۆزلىرىمدىن ئال،
قان دېسەڭ، سۇغىراي، يۈرىكىمدىن ئال.
كەتمىسە ياشلىقىڭ خۇشاللىقىم شۇ،
دېمەسمەن ئۆزۈمگە بولدىغۇ ۋابال،
ئانىجان، ئانىجان، ياشىغىن ئۇزاق!

سۇ دېسەڭ، ئالدىڭدا كەۋسەردەك ئاقاي،
گۈل دېسەڭ تۇپراقتىن بىخ ئۇرۇپ چىقاي.
مېھرىڭنى ئۆزۈمگە قىلىپ سەجدىگاھ،
سېنىڭ ھەق سۆيگۈڭنى كۆڭلۈمدە ساقلاي،
ئانىجان، ئانىجان، ياشىغىن ئۇزاق!

سەھەردە ئويغانساڭ، چولپىنىڭ بولۇپ،
چولپاننى قۇچاقلاپ ئاسمىنىڭ بولۇپ،
گەر ئۇچساڭ قاناتىڭ، يۈرسەڭ پايانداز،
يەلپۈسەم، سۆيسەم ھەم شامىلىڭ بولۇپ،
ئانىجان، ئانىجان، ياشىغىن ئۇزاق !

چارچساق ھاسا قىل، يولۇڭدا ئىشلەت،
سەن سىزغان سىزىقتىن چىقماسمەن ئەبەد .
بۈگۈن ھەم تاڭلام ھەم شۇدۇر ئىرادەم،
«ھە!» دېسەڭ «ھۇ!» دەيمەن، شۇ ماڭا راھەت،
ئانىجان، ئانىجان، ياشىغىن ئۇزاق!

قېرىلىق جىسمىڭغا سالمىسۇن سايە،
تەبئەت ھۆكمىگە ئۇنىغۇم كەلمەس .
نەۋرىلەر، چەۋرىلەر، كۆكىنىنەۋرىلەر ...
قولۇڭدا قاتارغا قوشۇلسۇن، پەۋەس،
ئانىجان، ئانىجان، ياشىغىن ئۇزاق !

1982 - يىل 4 - ئاي، ئۈرۈمچى



# ئاق قۇ ھەققىدە رىۋايەت

ئاق ۋە پاكىز
بىر جۈپ ئاق قۇ
تېپىشقاندا
بىشىمىز باش بولسۇن دەپ،
ئايىغىمىز تاش بولسۇن دەپ،
تەڭ ئۇچارمىش،
تەڭ قونارمىش .
قايسىبىرىنىڭ باغرىنى
قان قىلىپ ئوق، بولمىسا چارە،
ساق قالغىنى پىر ـ پىر ئايلىنىپ
پەلەككە چىقىپ،
ئاندىن ئۆزىنى يەرگە ئاتارمىش
بولماق ئۈچۈن پارە ۋە پارە .

1986 ـ يىل 3 ـ ، 11 ـ ئايلار



## بۇغرىقۇم

ئويتوغراقتا يەكتا بوغرىقۇم،
تۆپىسىگە سانجىقلىق خادا .
هاجەتمەنىنىڭ پاناهگاهىدۇر،
قەدىم شەرتنى قىلىشۇر ئادا .
قۇم بىلەن قۇم كەتمەسكەن ئوخشاپ
بۇزۇۋەتسە بۈگۈنى قەستەن،
ئۆز ئورنىدا كېلەر هەر زەررە،
كېچە قىرلاپ قويمىسكەن چىلتەن .

2006 ـ يىل، كېرىيە ـ ئويتوغراق



# نورۇز ئانا

نورۇز ئانا ئايدىن چۈشكەندەك
يۈزى نۇرلۇق، ئاق لېچەكلىك .
سېخىيلىقتا جان ئارام يامغۇر
باسقان يولى چىمەن، چېچەكلىك .
ئابىكەۋسەر سۇلىرىغا باق
تويۇندۇرۇپ، لىقلاپ، ھەيۋەتلىك .
تۇپراقلىرى مىسلى بىر شېرىن،
كەتمەنچىلەر پەرھاد ئەمگەكلىك .
داستىخىنى ئېچىل داستىخان،
بەرىكەتلىك، نازۇنېمەتلىك .
تەبىئەتنىڭ ئىلتىپاتى بۇ،
ئەركىسى بىز ئىززەت ـ ھۆرمەتلىك .
نەگە بارساق لەئلى ـ گۆھەرلىك،
بىلدۈق ئەمدى نېمە كېرەكلىك،
ھېچ گەپ ئەمەس ئاسمان شوتىسى،
كىمدە بولسا ھۈنەر چېۋەرلىك .

2006 ـ يىل 2 ـ ئاي



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىنى

## يالغۇز

بىر ئادەم بار ئۇزاقتا،
خىزىر قويغان لەقىمى يالغۇز،
جاڭگالچىلىق ئۆمۈرلۈك ئىشى،
جۈمەگىمۇ يوقتۇر تەشۋىشى .
قورسىقى پىژ قىلسا، كۆلدىن
قول سېلىپ ئالىدۇ بېلىقنى .
پېغانى تۇتسا
ھەيدەپ كېتەر توغراق قېيىقنى ...

2003 ـ يىل، لوپنۇر ــ ئۈرۈمچى



www.uyghurkitap.com

# كۆمۈر ئادەم

ـــ ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كانىدا

شۇنداق بىر كانچى، پىلانچى،
تۇرغان يېرى تارانچى،
ئۈستۈبشى قاپقارا كۈيە
ئىشتا باشلامچى، ئىسمى پالانچى.
ياشلىقى ئۆتتى ئاي، كۈنلەر ئىبقىپ،
بەلنى يەشمىدى، جەڭگاھ ئىلھامچى.
بىكار دېمىگەن «قىش گۈلى ئوت» دەپ،
يالقۇن يەتكۈزەر، ئەمەس سامانچى.

2005 ـ يىل 11 ـ ئاي

## بۆگۈن ۋە ئەتە

ئاقىللار ئەتىنى ئويلايدۇ بىر ـ بىر،
بەزىلەر بۈگۈنگە تامامەن ئەسىر،
بەخت ۋە يا ھالاكەت
ئەتە دېمەك مۇقەررەر تەقدىر .
كۆلكە ھېچكىمدىن مىراس قالمىغان،
ھېچكىم يىغىنى سېتىپ ئالمىغان،
ئاۋۇنىڭ كەينىدە ماۋۇ بار،
شۇنداق چۆرگىلەپ تۇرىدۇ جاھان .
ئۇلارغىمۇ كېلىدۇ ئەتە،
بەلكى ساڭا كەلگەندىن بەتەر .
يالغۇزلۇقتا كۆڭۈل شۇنداق ساپ،
ئۆزۈڭنىڭ دۇنياسى گۈزەل نەقەدەر .

1997 ـ يىل 2 ـ ئاي



www.uyghurkitap.com

# باغداش كېلەسى

كېلە ساڭا زوقلىنىمەن
ھېچ گەپ ئەمەس تۇرقۇڭ سەتلىكى .
چاپلىشىپ تۇرۇپسەن يېشىل تاشقا،
بۇ مۇھەببىتىڭ
بۇ روھىڭنىڭ ئاققان مەردلىكى .
ئادەممۇ ئادەم،
سەنمۇ گويا بىر ئادەم .

2005 ـ يىل، قۇمۇل

# گۈلئەھمەر

دېدىم: ئاتىڭ نە؟ دېدى: گۈلئەھمەر،
دېدىم: بويۇڭ نە؟ دېدى: گۈلئەنبەر.
دېدىم: يۇرتۇڭ نە؟ دېدى: كىندىك قان،
دېدىم: پەسلىڭ نە؟ دېدى: ياز، سەھەر.
دېدىم: لېۋىڭ نە؟ دېدى: ئۇز، نەپىس،
دېدىم: تەمى نە؟ دېدى: گۈل شېكەر.
دېدىم: كۈلكەڭ نە؟ دېدى: زىنىخىم،
دېدىم: تەختىڭ نە؟ دېدى كۈللى يەر.
دېدىم: بەختىڭ نە؟ دېدى: ئۆز ئەجرىم،
دېدىم: مەنزىل نە؟ دېدى: ئەڭگۈشتەر.
دېدىم: لەۋزىڭ نە؟ دېدى: لەۋزىمدۇر،
دېدىم: ھۇزۇر نە؟ دېدى: بىر كەۋسەر.

2006 - يىل 4 - ئاي



## جىگدە دەرىخى

قېرى جىگدە دەرىخى،
ھەققىڭ بار بولساڭ ساھىبخان .
شېخىڭدىكى قۇشلارغا ئېيتقىن
دەپ قالمسۇن مېنى بىر مېھمان .
مەن سامان تاغلىرىدىن باشلىنىمەن،
قىيالاردىن ئۇزاققا چاچرىغان .
مەۋھۇملۇقتا بارچە ئىز مەۋھۇم،
بارمىدۇ بىز كۆرمىگەن توپان .
ياۋايى گىياھلار بۇندا سۆيۈملۈك،
سىردىشىش پۇرستى ئەمەس ھېچ ئۇزاق .
تەقدىر ئەركىلەتكەن كىمنى ئالقاندا،
مەنزىللىرىڭ ئەمەس ياسداق .
كۆچكەن ھەر شەيئى ئىلگىرى ـ ئاخىر،
ئەبەدىيلىك يەرنىڭ ئاستىدا .
ھارغىن روھىڭغا ھارغىن ئادەم،
سەن ھازىرنىڭ ئۈستىدە .
كەل ھىدىڭنى، قۇچاقلايچۇ بىر،
ئۆزۈڭنى ئۇنتۇت تامام، شۇ جەننەت .
تۆكۈلدى مېنىڭ قوۋزاقلىرىم
پەرىشتە ئۇنىڭدىن تىرىلەر پەقەت .

1998 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

# يېتىم بالا

ــ لوپنۇرنىڭ يىراق قارچىغا يېزىسىدا

ئانىسى پاختىدا ـ ھەلەكچىلىكتە،
ھەدىسىمۇ بىللە ھەمنەپەس .
بارالماس سىغىنسا يۇگۇرۇپ،
توشقان يوللىرى ئەجەب تەس .
جىن ياماناالار كىرسە بۇ ئۆيگە،
ھەر كۈنى ۋاقتىدا ئاش يېمەس .
قوشنا باغ نەشپۈتى ناشتىلىق،
چۈشلۈكى ئالما يەپ، ئۇندىمەس .
شام ياقسا نەچچىسى پەرۋانە
مۇئەللىمگە قەرزدار تېخى،
بۇ بوسۇغىغا
بەخت تىرەجەپ ھېچ كېلەي دېمەس .

2003 ـ يىل، قارچىغا ــ ئۈرۈمچى



## پالۋان قىز

مەپتۇنكار يايلىقىمىز، بىر مەرىكىدە
مەيدانغا چۈشتى نەچچە ساھىبقىران.
ئىركەشتى، چاپتۇرۇشتى، چىرماق سالدى،
غايىبتىن كۆرگەنىمدۇ قاچمۇقان.

كىم يىڭەر، كىم يىڭىلەر، ۋاقىت ئۆتتى،
ھېچكىمگە نېسىپ بولماي شۆھرەت تاجى.
ئىمتاسلىق تۇرۇپ تۇرسۇن دەپ قالدىمۇ
بىر قىزدىن سادا چىقتى يۈشۈپ ئىچى:

- قېنى كەل چېلىشايلى، كىم ئەزىمەت؟!
دەس تۇردى ھەر قايانغا قاراپ تەكشى
مەيدىگە ئۇرۇپ «مەن!» دەپ چىقىشمىدى،
يەڭسىغۇ تەلەي،
يىڭىلسە نە ئات نومۇس، ئۆلۈم ياخشى.

ئىسمىنى كىمدۇ دېسەڭ، ھەر جايدا بار،
يۇرتىنى بىلمەك بولساڭ چاغانتوغاي.
يېشىنى دەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق،
شەكلىدىن مەلۇم ئەمەس پالۋان چىراي ...

2003 - يىل 7 - ئاي، قاراسۇ يايلىقى
2006 - يىل 4 - ئاي، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## سەنتۇر[1]

مەرمەر تامدا قالقان ۋە قىلىچ[2]
شام كۆيىدۇ چاراسلاپ بىر خىل .
سەنتۇر تارى نازىنىن قىزدەك
تىترىمەكتە، ياش كەبى غىل ـ غىل .
بەلكى بۇ كۈي ئىشق پارچىسى،
نە قىز قالغان، نە يىگىت ھازىر.
دەردىنىڭ ئورنى بۆلەك، ئۆزى بىر،
مۇمكىنمۇ ئېغىر تىنماستىن بىر ـ بىر.

1988 ـ يىل، پاكىستان

① سەنتۇر ــ چالغۇ ئەسۋابى.
② پاكىستانلىقلار مېھمانخانىلىرىغا مىللىي ئادەت بويىچە قەدىمكى قىلىچلىرىنى ئېسىپ قويىدۇ.

## بوۋاي ۋە سەيياد

سەييادقا ئويۇن
دەرەخ ئارا بىر قۇشنى بەتلەپ
باساي دېگەندە تەپكىنى،
تۇسۇپ چىقتى جاڭگالچى بوۋاي
جېنىنى تىكلىپ .

جەھلىدە دېدى: «كىمسەن ئەي بىئار،
كۆنىنىڭ سېرىقى، دەرەخ، شۇ ماكان
مەن بىلەن نەۋرەم تاكى قۇش زاتى
ئەلمىساقتىن بىر تەنۇ بىر جان .

بىر تال گىياھنىڭمۇ ياشاش ھەققى بار،
نابۇت قىلساڭ باردۇر سورىقى.
يالاڭئاياغ بولسامۇ ھامىي،
يىرىلىپ كەتكۈدەك بولدۇم شۇ تۇرقى ... »

سەيياد داجىدى كەينىگە،
ۋۇجۇدىنى قارا تەر باستى.
خۇددى يانغاندەك ئادىمىيلىككە،
باياتىن ئەپتى بىر ئالۋاستى .

2006 ـ يىل 4 ـ ئاي، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب ئامبىرى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ...
www.uyghurkitap.com

# رۇبائىيلار

ئىنساننىڭ خىسلىتى ھىممەت، ئۇنتۇما،
شۇ پەقەت ھەممىدىن قىممەت، ئۇنتۇما.
پەزىلەت بىر ئۇچقۇن، يۇلتۇزى كۆكتە،
ئاگاھ بول يامىنى مىننەت، ئۇنتۇما.

*　　*

بۇگۈنكى شۆھرەتلەر يىلتىزسىز ئەمەس،
جاپا ـ ئەجىرلەرنى سانىماق بەك تەس.
ئەل سېنى بېشىدا كۆتۈردى نېچۈن؟
بىلگىنكى بۇرچۇڭنى، ئېغىر، مۇقەددەس.

*　　*

كىم پوتا چەگسىلا ئوغلۇم دەرمۇ ئەل،
ئەرزىمەس نەرسىگە يارىشارمۇ ھەل.
ئۇنتۇلۇپ كەتكەن كۆپ، ئۇنتۇلمىغان ئاز
ئالەمنى كۆزىتىپ باقساڭ مۇپەسسەل.

2006 ـ يىل، ئۈرۈمچى



# پۇشايمان

مەن دەيمەن سەن دەرەخ تىككەنمۇ،
سەن دەيسەن ئۇ قۇدۇق قازغانمۇ،
ئۇ دەيدۇ مېنى لاچىنغا كۆز چىقارغانمۇ،
قېنى كىم قۇمنى ئايلاندۇرغان گۆھەرگە،
قېنى كىم بىر تال شەبنەم بولۇپ چۈشكەن يەرگە .

تەمشەلگەن گەپ بوغۇزۇڭدا قالسا،
بىلەلمەي تۇلپار ئېغىلىڭدا قالسا،
باسالمىغان يول جاڭگالدا قالسا،
بىرەلمىگەن قول قوينۇڭدا قالسا .

ياشىدۇق دەيمىز غاپىللىق تولا،
ئادەممۇ بىز «مەن» دەپ يۈرسەكلا .
ئەقلىمىزگە بەرىكەت بەرسۇن،
ھەننىۋايىمىز تېخى بىر بالا .

1997 ـ يىل 11 ـ ئاي، ئۈرۈمچى

# زېدە قەبرىلەر

ئاخىرقى قەبرىنى چۇشنەر كىملەر،
ئاچچىق توپىسىنى توزۇتقان ھەريان .
بۇ جاڭگىلى مازەندەراندا
تاكى ئۇچار قاناتلار ھەيران .
بۇ گۇمبەزگە كەلگەن نېمە دەرد،
بۇندا قايىدۇ ئەنسىز شامال .
كىم زارىقار گۇگۇمغا،
ئىزدەرمىزمۇ بۇ يەردىن ۋىسال .

1995 - يىل، ئونسۇ



www.uyghurkitap.com

## قايتىش

قانچە ـ قانچە ئاچ قېلىپ،
ئۇزۇن يىللار تاسقىلىپ،
قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغىنىپ،
ماكان ئىستەپ بىر ئىللىق
ئۇۋا دېدىڭمۇ قايتىپ كېلىپ
شادىمان تىنىپ.
بولغىنىڭدا ئەمدى بەش ياشلىق،
ساڭا كۆز سالدى ئادەم بېدىكى،
بىرى كوسا،
بىرى ساقاللىق .
شۇندىن كېيىن يۇرتتىن ئايرىلىپ،
چىرماشتى خارلىق .
خىيالى يولدىن چىقىرىش
مۇمكىنمۇ، قېنىڭدا زىكرىلىك ھالاللىق .
دۆشكەلىسە ئۇرۇپ ـ دۇمبالاپ،
نە تىل سەندە، نە ئەرك سەندە،
پەقەت سەندە تەلمۈرۈش، ئىنتىزارلىق،
ئۇ ياندا ئاناڭغا ئېغىر جۇدالىق .
ئالدىرىتىدۇ تويماسلىق نەپسى
ساتتى بىركىمگە ۋە قاچتى بەدەر
ۋاباللىق، ئۇستىلەپ ۋاباللىق .
تۇمانەن كەچمىشلىك يالت ـ يۇلت،

بۆرە ھەم ھۇۋلارمىش ئۇۋىغا قاراپ،
كۆزلىرىڭدىن ئاقار تەشنالىق .
ئۆز يۇرتۇڭغا يەتكۈزدى سىنى
ئوغلانلىق كۈچى،
«يىتىمنىڭ ئاتىسى يەتتە» دەپتىكەن،
ئىگە چىقتى بىشىڭنى سىلاپ،
مىھرىڭنى سالدى مىھرىبانلارغا
بۇ تەڭرىدىن كەلگەن خۇشاللىق .
خەۋىرىڭنى ئاڭلاپ، بۇتامىكىن دەپ
باغرىغا بىسىپ،
كەلدى نەچچە جەنۇب، شىماللىق .
ئەمدىكى كۈتۈش يىراق تاغ ئەمەس
ئۆز ئۆيۈڭگە يىتەرسەن بىر كۈن
بەلكى ئۇ يەر بوستانلىق
ۋە يا قۇملۇق
ۋە يا شاللىق .

2004 ـ يىل 12 ـ ئاي



www.uyghurbook.com ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى

## سايرام رىۋايىتى

بۇ كۆلنىڭ ئاستىدا ھېلىمۇ
خورازلار چىللار ئىمىش،
ئىتلار قاۋار ئىمىش .
بۇ ئاۋازلار،
تىرىكلىكتىن بىر نىشان ئىمىش .
قالغان ـ قاتقىنى
غار تاشلارغا ئايلانغان ئىمىش،
بۇمۇ ئۇلارنىڭ شورى ئىمىش .
چۈنكى، بۇندا قەدىمىيسىدە
بىر بوز تورغاي سايراپ بۆلەكچە،
قويغان ئىمىش خەقنى ئۇخلىتىپ
بىر كېچە .
شۇ ئاخشىمى ئەل،
قۇشنى كۆرۈپ، ئىشنى ئۇنتۇپتۇ،
زەنجىرلەنمەي قاپتىمىش قاپقاق .
بۇلاق تېشىپ،
سۇ يۇتۇپتۇ شەھەرنى بىراق ...
شۇندىن بېرى
سايرامنىڭ كۆلى دەرمىش،
يا ئاقماس ئىمىش،
يا تاشماس ئىمىش .

1986 ـ يىل 4 ـ 5 ـ ئايلار

# شىر

سەندە نە قوۋۇرغا ـ ئۇستىخان،
سەندە نە بىر تال موي، تامچە قان .
ئەسلىڭ مەرمەر ئەمەس، ئاددىي تاش،
ئوخشالغۇچىسەن، ئوخشاتقان .

ياسىغۇچە مىڭ ئويلىغان ئۇستا،
پۈتكۈزگىنىدە باستىمۇ تىترەك .
قىزىل يوپۇق ياپقىنى قىزىق
ئۇدۇملىرى تاڭ كىملەرگە كېرەك .

ساڭا تاللاپ قويغان دوقمۇشنى،
ئۆتكەن ـ كەچكەنگە سىياقىڭ خىرىس .
ئىنسان ئۆزى بىر قورققاق تۇرۇپ،
ئۆزگىنى ئۈركۈتمەك ئىستىشى قالتىس .

1997 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگانە بازىسى
www.uyghurbook.com

# سۇ

سۇنىڭ ئۆزى بىر رەھمەت،
قوچاقلاپ تۇرۇپتۇ ئۇنى تەبىئەت.
ئادىمىي بىلىق بولسام ئەگەر
يۈزىگە لەيلەپ چىقماستىم ئەبەت.
سۇنىڭ ئۆزى بىر لەززەت،
بولۇپ قالسام ئورنىدا قىسمەت،
چاك ـ چاك قوملۇقنىڭ لىۋىگە ئەمەس
يۈرىكىگە باراتتىم پەقەت.



# سوۋغا

ئۈرۈمچىدىن ئالمۇتاغا سالام بېرىپ،
ھېزىم ئاكا بىز سېغىنىپ، سىز ئىنتىلىپ .
يۈز يىللىقتا روھىڭىز شاد قەدىرلىنىپ،
يۈرىكىمىز بېغىشىدا تەسۋىرلىنىپ،
نەزمىڭىزدە تارىم سۈيى، ئالغاچ بارسۇن،
ئىپارمۇ بار، بوي ـ بەستىڭىز ئەنبەر بولسۇن .
ئەتىرگۈللەر گۈپۈلدىسە دەستىلىنىپ،
خەت دەپ بىلىڭ، تا ئىسكەندەر ـ پەدەر بولسۇن .

2006 ـ يىل 5 ـ ئاي



## قۇرۇم تاغ ـ كوئنلۇن

ساڭا ئۆتەر تىغ تۇغۇلماي
ئىرادەت قىلىپ تاقاشقۇچىلىك،
مەغرۇرلۇقىنىڭ بىپىنچىسى قار،
قانچە گەز قالدى قۇياشقىچىلىك.

كىم ئىزدىسە تەڭرى جامالى
تاغ ئايلانسۇن، دېگەن بىر گەپ بار.
بەس قىل ئەمدى، ھەر جاۋاھىرات
چاچقۇ بولغاي، ئەيلىگىن ئاشكار.

2005 ـ يىل 5 ـ 6 ـ ئاي، كېرىيە ـ ئۈرۈمچى.



## گۇناھكار كېلىن

قارغىشلاردىن پۈتۈلگەن تاش بۇ
قات ـ قات تاغلار ئىچىدە تېخى،
(ھەممە خەقنىڭ ئىبرەت ئەينىكى)
بىر زامانلار بولمىش بىر يېغى،
قانچە ـ قانچە يىگىت ئات سىلىپ،
مەيدان ئارا ئېلىشقان يەك ـ يەك،
قىلىپ بولماس نومۇسنى قۇربان،
تاپالمىغان ياۋ بىرەر ئۆچەك .
ئەللەر كۆچكەن ئېگىز تاغ سايان،
تۆگىلەرگە بۆشۈكنى ئارتىپ،
قېرى ـ ساللار روھىدا غەزەپ،
يىگىش ئۇچۇن ئىشەنچ ئۇلغايتىپ .
كۆزەتچىلىككە قالغان بىر كېلىن،
تاش ـ تاشلارنى دالدا قىلىشىپ،
قوۋم كەتكەن بىر كەچ ئۇيقۇغا،
ئەتە ئۇچۇن كۈچ تەييارلىشىپ .
ۋاقىت ئۆتكەن ئاستا ۋە ئاستا،
شىلدىرلىغان گىياھلار پەقەت،
تاڭغا يېقىن بۆشۈك تەۋرىتىپ،
ئۇخلاپ قالغان كېلىن ئاقىۋەت .
قارا قۇيۇندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ،
قىرغىن قىلغان ياۋ دەھشەتلىك .

ئىسسىق قانلار ئاققان جىرادىن،
تاغلار ھەتتا تولغانغان دەردلىك .

شۇندىن كېيىن گۇناھكار كېلىن
كەتكەن ئىمىش ئايلىنىپ تاشقا .

1997 - يىل



www.uyghurkitap.com

# ئۆركىشىڭنى بەرگىن تۆگىلەر!

ئۆركىشىڭنى بەرگىن تۆگىلەر،
ئېغىر ـ ئېغىر يۈكلەرنى ئارتسۇن .
ئىزلىرىمنى ئۆچۈرەر شامال،
شۇ ئىزلارغا،
تامچە ـ تامچە قېنىم قوشۇلسۇن !

ئۆركىشىڭنى بەرگىن تۆگىلەر،
جاراڭلىسۇن ئالتۇن كولدۇرمام .
قۇم كۆچەر،
قونالغۇدىن ساق چىققان كارۋان،
ئېرىپ كەتسۇن كۆيۈمدىن تامام !

1985 ـ يىل



# ئاق ئەترگۈل

ــ نىيەدە

پاھ ـ پاھ، شىپاھى يۈرەك،
سىنى كۆرگەن بولغىيدىم نەدە .
ئاق ياقۇتتەك، ئاناڭمۇ گۆھەر
نىچۈك مۆكۈنۈپ خىلۋەت نىيەدە .
رەڭگىڭ قايتماس ئاق قاشتېشىدەك
ئاق قۇشقاچىنىڭ مويىدەك يۇمران .
زامانلار سىرى بىر سۈلالىسەن،
قامىتىڭ بار بۇنداق ھۆكۈمران .
سەن بولغاندا تورغايمۇ ھاردۇق،
بىھوش ئەتكۈك كەلدىمۇ بۈگۈن .
مەست كېپىكتەك پۇرىدىم ئۇزاق،
يامغۇر ئارىلاش ئۆتۈپ كەتتى تۈن .
سەھەرلىكتە شەبنەملەر قاپتۇ
بەرگلىرىڭ سىغىنغان مۇڭداش .
ئاھ تەبىئەت ھەر ئىككىسىنى
پايخان قىلما ياشلىقتۇر ياشاش .
كىممۇ قىيار كېتەردە خوش دەپ،
ئالغاچ كېتەي ھىدىڭنى بىللە .
ھەر نادانغا بىلدۈرگىن خەيرات،
گۈل تىلىكى ئىجابەت، تىلە .

2005 ـ يىل 5 ـ ئاي. كىبرىيە

## سگان قىزى ھەققىدە تۆت كۇپلېت شېئىر

سگان قىزى ناتونۇش قىزچاق،
بىر دىلبەر تونۇتتى چۈشۈمدە سېنى .
كۆيلەپسەن ناخشاڭدا ئالتۇن دوپپىنى
ھەم تۇپراق مۇھەببىتى .

ساماۋى بىر خۇشلۇق قوندى بېشىمغا،
لېكىن بىلمەن ئۇ ئەمەس ھۇما .
بىز ئالەمنىڭ ئىككى چېتىدە ،
بىراق ئايرىلماس دىدار ۋە سىيما .

بۇگۈنكى دۇنيا باسمايدۇ بېغىر ،
سەن غېرىبزار ، بىر كونا قىسمەت .
يولۇڭدۇر ۋەتەن، مەيەڭدۇر ۋەتەن،
بىر كۆن ئىرەر پەلەكتىن ھىممەت .

ئىسكرىپكاڭنىڭ كامالچىسى
قاپتۇ يەنە بۇگۈن مۇڭسىراپ .

# قەدىمىي يارغولدا كەچ كۈز

بىر يىراقتا تاغ ــ سەيدىخان .
بۇندا قۇم ــ بارخان،
ئۆگزىلەرنى كۆمۈپتۇ بوران .
تۆكۈلگەن قاغا جىگدىسى،
يىلتىز گۆھەر، ئۇزارغان .
چىقىپ كەتتى ياز،
دىمە تەبىئەتنى ھالسىرىغان .

2004 ـ يىل 10 ـ ئاي



# پالچىلار

گۈگۈم ئالدىدا
پالچىلار يىغىشتۇرار نەرسە ـ كېرەكنى،
يوللار بوشايدۇ بارغانچە،
كىم بىلىدۇ، يەڭگىللەتتى ئۇلار
بۈگۈن قانچە ئادەمنىڭ يۈكىنى.

1997 ـ يىل



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم تورى

# مىرەن

باش ئۈستۈڭدە ئالتۇنتاغ،
ئابراز دەرياسى ئابىدە، كەۋسەر .
ھاياتلىق تومۇرۇڭ بوز يىگىتلەردەك،
شۆھرەتلىك تاجلىرىڭ كۆزۈمدىن كېچەر .
غايىب ۋاراقلىرىڭغا بىر قاراپ ئۆتتۇم،
بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى مېنى قاي شامال .
ھەۋۋا ئانىنىڭ روھى سايىۋەن،
سورايمۇ ئادەم ئاتىدىن سوئال .

2004 ـ يىل 10 ـ ئاي



## قۇرمىش ئاتا

— تەزكىرىلەرنى ۋاراقلاپ

ئېگىز تۆپىلىكتە يالغۇزچار گۈمبەز
ئەمەس ئىدى تەنها، لېكىن شۇ قىسمەت .
تارىخ ئېقىنىدا تەڭ ئۇزار تەقدىر،
تۆپىنىڭ ئاستىدا مەن دەيدۇ خىسلەت .
يىراق - يىراقلاردا قەدىمكى قورغان
ئۇنتۇلغان يوللارغا كەتكەن تۇتىشىپ .
ئاجايىپ جىلغىلاردا مەرمەر مۆجىزات
ھەۋەسنى تارتىدۇ چوڭقۇرلىشىپ .
روجەكتىن قۇم ئېرىق دەرياسى
كۆرۈنەر دېڭىزدەك، قەلقەي ياغلىقتەك .
روھلار ئاقار كۆرۈنە - كۆرۈنمەي
پەقەت ساي - سايلارغا تالىقتەك .
يا ئوقى سانجىلىپ قالغان بىر زامان
كۆكلىگەن چىنارلار، يەتمەيدۇ غۇلاچ .
مۇھەببەتتەك چىرماشقان يىلتىز
توق ۋە تويۇنغان، ئەمەس ئاچ .
ئاپئاق مالخايلار سۆزلەيدۇ تىنچ،
خىيابانلاردا ئېتىقاد ئىزى .
تىمتاسلىق، جانلىنىش تەقەززالىقتا،
بۇ يەردە نە كېرەك ھاپىزنىڭ سۆزى .

1995 - يىل، ئۈنسۇ.

## بىرقۇر خەت

بىشى ياستۇققا يەتكەن بىر قىزچاق،
تامغا قالدۇرۇپ قويغان بىرقۇر خەت .
ئۇندا بار يالۋۇرۇش، مۇھەببەت، كۆز ياش،
جورۇپ قويسا تەقدىر، بىر ھەسرەت .

ئۆمۈر دەيدىكەنمىز، قىلنىڭ ئۈستىدە،
بەلكى ئۇ كەتكەندۇ، يا قالغان تىرىك .
تەلمۈرۈپ قالاركەن ئاسمانغا بىر رەت،
ھاڭغا دۇچ كەلگەندە خۇدا دەپ كىيىك .

1997 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

# قىيا تاش

مەزمۇتلۇق، يېگانىلىك بىر ئازاب،
كىم بىلەن سىردىشسەن قىيا تاش .
بوران، چاقماق، يامغۇر
ئۇپراپ بارىسەن ۋاقىتقا ئوخشاش .
ئۇرۇلدۇ دولقۇن بىتىنىم
بۇ مۇھەببەتمۇ، خىيال ياكى غەم .
ساڭا كېلىپ تېگىدۇ ھەممە ـ ھەممىسى،
سەن بىر روھسەن نېكەمدىن ـ نېكەم
سەن بىر يۈرەكسەن دۈپۈلدەپ تۇرغان .

1998 ـ يىل 1 ـ ئاي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب

# كاككۇك سايرىغان دەريا

ملك تولغنىپ ئاقار بۇ دەريا
نەگە ـ نەگە باراركىن ئۈزاپ .
مەرغۇلىنى تىڭشار قايسى جان،
خيال سۈردۈم كۆۋرۈكتە قاراپ .
بۈككىنە بىر چاتقاللىق ئارا
كاككۇك غايىب، ئاۋازى هازىر.
قايتۇ هادىس يىپتا باغلىنىپ،
هەر ساداغا تەبىئەت
هامىيمدۇر بىردىنبىر.

2005 ـ يىل 5 ـ ئاي، لوپنۇر.



# ئەرەب دېڭىزى

ئىچكىرىگە قاراپ دېڭىزنىڭ
پاناھلاپتۇ بېلىقلارمۇ جان .
سۇمۇ ئۇپۇق، ئۇپۇقمۇ بىر سۇ،
كۆرۈنمەيدۇ نە قېيىق، ئىنسان .
نېرىقى جاھان ئۇزاق بەك ئۇزاق،
ئاچار، ئاچماس بىزگە بىر دىدار .
مەن قايتارمەن قۇم ـ بارخانلارغا
خىيالىمدا لەپشىمەكتە قار .

1988 ـ يىل، كاراچى



# كېرىيە دەرياسى

راۋىي ئېيتار: بىر زاماندا
ھاۋا ياققان ـ توپان بالاسى
يەر ئويۇلغان يىلان باغرىدەك
گۇم ۋە ھاڭلار قالمىش ئىزناسى .
مىڭ ئۆرۈلۈپ بوزارغان دەريا،
باش ئۈستىدە ئەركەكلىك تاجى .
ئادەمزاتقا بەرسەم دەيدۇ نەپ،
شۇ بىر غەمدە ئامال ئىلاجى .

2006 ـ يىل، كېرىيە ـ پولۇ



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكوس ...

## تۇرنا شەپىسى

كۆرۈندى ئىت يىلىنىڭ تۇمشۇقى
ئۇلۇغ ئىدىقۇتنىڭ باغرىدا بۇ يول .
جىلغا ئارا دەرەخ ـ چاتقاللار
ئاقشۇل سىرىق، قارامتۇل .

سۆزۈك يېشىل غولدىكى ئېقىن ،
تەسكەيدە قار نېپىز ۋە ئاپئاق .
سەدەپ ئىچىدە ئەمەستۇر باھار،
جىلۋە بىلەن ياتىدۇ تۇپراق .

2006 ـ يىل 1 ـ ئاي، تۇرپان



# گۆر ئوغرىسى

كۆكيار غوللىرى تېخى ئۇيقۇدا،
بىر زامان ھېچكىممۇ باسمىغان ئاياغ .
سىرلىق خەزىنىنىڭ مىش ـ مىشلىرىدىن
ئاللىكىملەرنىڭ كۆزى ئالاق ـ جالاق .
سىرغار ئارغامچىدا تىك قىيا ئارا،
كۆڭلىدە چوت ـ ھېساباب .
چىلىقار ئۇلارغا يا چىلىقماس،
قاراڭغۇلۇقتا جىمى غايىبات .
بىر غارنىڭ ئاغزىدا كەپلەكلىك بىر تاش،
دېۋىلەر تەستە قويغاندەك خۇددى .
بارمىش ئىچىدە زىبا ھەيكىلى،
چۆرگىلەرمىش ئۇسسۇلدا قەددى .
قارانچۇقمىش ئىشىككە كۈن ـ تۈن،
ئۇلار ئەلۋەتتە بەند ـ تىلسىم .
ئاڭلىنار تۇرۇپلا بىر گۈلدۈرماما،
كېتەرمىش سىلكىنىپ پۈتكۈل تاغ جىسىم .
ئەي ئىنسان، سەنغۇ نەپسىڭ كەينىدە،
ئەجداد ۋە سۆڭەككە ئەمەسسەن غەمناك .
سالماقچىمىدىڭ ئۇچىملى ساراي،
ئەتە بىزگە كېرەكمۇ ھاك ـ زاك .

1998 ـ يىل 12 ـ ئاي



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب

# شائىرە

خوش كەلدى بىلىق كۆزى قەدەھ ـ شاراب،
ھىلال ئاي پەنجىرەمدىن قويدى قاراپ .
روھىمنىڭ تومۇرىغا جان ئۇلاشتى،
بۇ كۆڭۈل بىر سائىلدۇر كەۋسەرسىراپ .
تۇرۇپتۇ كارۋان يولى دىدارسىراپ،
كۆزلىرىم تالدى مېنىڭ يالغۇزسىراپ .
بوسۇغا داۋان دەيدۇ، يازمىشمۇ بۇ،
نەي چالدىم باياۋاندا زەپ مۇڭسىراپ .

2008 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى



www.uyghurkitap.com

# قۇشلار باھارنى چىللايدۇ

قۇشلار دەرەخ ئۈستىدە
شاخلارنى چوقۇيدۇ يېنىك ۋە يېنىك .
ئوينىشارمىدۇ، ئالدىرارمىدۇ،
نەدە بار تەييار ھالۋا ـ شىرىنلىك .
پەسىل ئالدىدا ئەمەستۇر غاپىل،
تۇرنىلار بوينىغا ئېسىپ تىلتۇمار.
ئۇلار بىر چالغۇچى ئاسمان ئەركىسى
نەغمىدىن بېزىنىپ كېلىدۇ باھار .

2008 ـ يىل 2 ـ ئاي، لۇكچۇن



## تارىم

يۈرىكىم ئۈستىدە ئاقىدۇ تارىم،
قاراقۇرۇم بېشى، مەنزىل جايى لوپ .
ئۇنىڭ مىجەزى توسۇن تا ياۋا،
ئاقىقان، ئاقار غالىب، بولمىغان مەغلۇپ .
يولدا ئېقىنلارنى قوشار، ئۇلغىيار،
قايناملىرى رىۋايەت مىسلى .
بەزەن ساھىلغا دەسسەسەڭ پۇتتى،
يالماپ يۇتىدۇ قۇمنىڭ تىلى .
قەھرى بار، مېھرى بار ئۆزگىچە،
ئازمىدى بېشىدا چاقىقان چېقىن؟!
دەريالار باشلانغاندا ئۆگىدىگەن ئەمەس،
بەلكى خوپ بۇرۇندۇر، مۇمكىندۇر، مۇمكىن .
ئەجدادلار سۇ ئىچكەن ئوچۇملاپ،
پەنجىلەردىن تۆكۈلگەن سەنئەت .
قىرغاقلار بويىلغان زۇمرەتتە،
شۇڭقارى قانىتىدا سەلتەنەت .
يىراق دېڭىزغىچە يەتكەن مەرغۇلى،
كولدۇرما ئاۋازى يېگانە .
قەندىھار بويىدا ئەكس ساداسى،
مىڭئۆيلەر تەۋرىمەي تۇرغان نۇرانە .
ئوغۇز سۇتى ئاقتى ئەسىرلەپ،
يۇغۇرۇلدى لاي، پۇتتى ئابىدە .
قىقاسلار، ئالماسنىڭ چاقناشلىرى،

مەردلىكتە ئىقىن ھەم قەسدە .
ئاتلار بوي بەرمەس،
ئىككى پۇتىنى تىك ئىلىپ كىشنەر .
ئىگەرلەر ئالتۇنغا بويالغان،
تاش پۇچۇلدۇرغان ئىزلار كەچ ـ سەھەر .
ئاتىلار سەپەردە،
ئانىلار دۇئا ـتىلاۋەتتە،
ئاقتى قۇملار ۋە ئاقتى زامان .
يولۋاس چىقتى دۆڭلەرگە،
ھۆركىرىشى ـ ئاخىرقى نۇتۇقسىمان .
ئىتىقاد گويا چىگىدەك بەرىك،
يىپەكنىڭ ئاستىدا بوزلىدى بۇغرا .
تارىخ بىر ئىرىدى شامدەك،
پىلىكى ئوت تارتتى تويتوغرا .
قەدىم يىپىنچىلار قالدى خىلۋەتتە،
قوۋم يەنە ئاتنىڭ ئۈستىدە .
پەلەك يۇلتۇزىنغا توغرىلىدى كۆز،
ئۇلار بۇرچ ـ ئاھاڭ قەستىدە .
تۇغدى مەھمۇدنى دەريا قەترىسى
ۋە ئەتىگە قىلىپ يادىكار.
خانلار تاجىسىغا چىقسىمۇ چىچەك،
ئۇنىڭ ئىستەكلىرى بەرقارار .
مۇقام ئون ئىككى تارام سۇ،
سۇغا سۇ قېتىلدى دۇۋەرەپ،
يەكەن مەشئىلىنى كۆتۈردى قۇملۇق،
ئىچەك تۇتۇپ تىڭلىدى ھىند، ئەرەب .
زېمىن تەشنالىقى توختىماس،
كارىزلار تەپچىرەپ تۇردى ھۇ تارتىپ .
خىزىر كەچتى بولغاي بەلكى يوللاردىن،
ئۇنىسىز كۆزلەرنى قارتىپ .
ۋەھىمە، ئۆكۈنچ، ئارازلىق،

بۇرۇتلارنى كۆيە يەپ ئوسال .
تىغ تارتتى ئاداۋەت پۇرسەتتە،
سۇكۇتلەرگە كىرىپ هال .
ئۇركۇپ كەتتى قەدىمكى قۇشلار،
قالدى توغراقلار چۆلدەرەپ .
يامۇلدا سادىرنىڭ ناخشىسى،
ئوتى تەگدى يۈرەككە ئەجەب .
قومۇشلۇقتا نۇزۇك پەريادى،
تامدى دەرياغا يىشى قان بولۇپ .
ئۆچكىلەر مۇڭگۈزى ياندى لاۋۇلداپ،
قالدى ساداقەت ئىمتىهان بولۇپ .
ئاستى ـ ئۈستى دەريانىڭ شىددەت،
بىلال نازىم كۈيگە ئوخشاپ .
روهى كىلەر ئۆزى بىلەن تەڭ،
ئۆز ئەركىچە ياشاپ ۋە ياشاپ .
ياندى ئۇچقۇنلار بىر زامان، بىر كۈن،
سىڭىپ كەتتى ئەبەدىيلىككە .
ئۇ يانمۇ ئۇيۇق، بۇ يانمۇ ئۇيۇق،
دەريا ئىنتىلىپ تۇراتتى كۆككە .
يەنە ساهىل، يەنە شۇ ئىبقىن،
ئەگرى ـ بۈگرى ئاپئاق شايدەك .
جەنۇبىدا سىرلىق خىياللار،
ئۆتۈپ بارار بىر هېكايىدەك .
كىمچىنىڭ بېشىدا دوپپا،
ئۇ خوجايىن، ئۆزىگە، رولغا .
چاپچىپ تۇرار دەريا ئالدىغا،
ئوخشاپ سامادىن چۈشكەن دۇلدۇلغا !

1994 ـ يىل، شايار

# چۈش كۆرىدۇ بىر تۈپ ئانارگۈل

چۈشۈمدە –
چۈش كۆرەرمىش بىر تۈپ ئانارگۈل
كۈن بويىندا، قويىندىمىش ئاي .
ھەر تۈگۈلۈككە ئۈچۈپ بارارمىش
ۋە بىر سوئال قويارمىش تىنماي :

گەر ئۈنتۇلسا ئانىلار مېھرى،
تاڭلا بولسا بىكۆيۈم پەرزەنت .
يۈرىكىڭلار قالمىسا، يەنە –
تىلەيسلەر نېمىنى تىترەپ؟!

1987 – يىل 5 – ئاي، تۇرپان

www.uyghurkitap.com

# ئايدىڭ ...

جەننەت شاملى چۈشتىمۇ كۆكتىن
كىچە ئارا گۈركىرەپ دەم ـ دەم .
كۆك قارامتۇل شىلدىرلاشقا باق،
ئايدىڭ تاللاپ يۇيۇنار كۆكلەم .
ئاي يىگانە ساما تەختىدە،
بەك يىراقتا بىر يۇلتۇز ھەمراھ .
ئۆتەر ئادەم ۋە ئۆتەر بارچە ،
نە باش ـ ئاخىر، پەرۋەردىگارا .

2006 ـ يىل 5 ـ ئاي

# ئانا تىلىم

شۇ خەزىنە تىلسىمغا كىرگەنسىرى،
ئۇقۇم ـ مەنىلەرنى بىلگەنسىرى،
كىشى ئۇقمىسا كىملىكىمنى
ھېس قىلىمەن ئىنسانلىقىمنى،
مۇڭ ـ قايغۇلارنى چۈشەنگەنسىرى
غۇرۇرۇمنى، مىللەتلىكىمنى ،
«قالاقلىق» قالپىقنى چۆرۈگەنسىرى .
ئانا تىلىم
ئۇيقۇلار بىزنىڭ بۇزۇلغانسىرى،
يەنە بىر ئەسىر بوسۇغىسىدا
يىراق سادالارنى ئاڭلىغانسىرى،
سۆيۈنىمەن سەن ـ ھاياتتىن
كۆزلىرىم قاماشقانسىرى،
ئىنتىزارمەن
بىز ئارقىدا قالغانسىرى .

1999 ـ يىل 9 ـ ئاي، ئۈرۈمچى



www.uyghurbook.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## دېڭىز، يوپۇرماق، جانان

دېڭىز،
بىر يېشىل يوپۇرماق دېگۈدەكمىشمەن،
گۈزىلىم تۇرغۇدەك ئۇنىڭ ئۈستىدە،
(مەن قىرغاقتا كۆرگۈدەكمىشمەن،
ھەيران بولغۇدەكمىشمەن) .
يوپۇرماق لەپەڭلىگۈدەك،
گۈزىلىم قولىنى قاناتتەك كېرىپ
مەھكەم تۇرغۇدەك،
بىر دەمدىن كېيىن،
ئۇ ئۆزىنى سۇغا ئاتقانمىش .
ئاھ، ماڭا قىين،
يۈرىكىم قېپىدىن چىققانمىش .
ۋاقىت ئۆتكۈدەك،
مېنىڭ ئىچىم تىت ـ تىت بولغۇدەك،
ئۇ چىقمىغۇدەك،
ئۇ چىقمىغۇدەك .
بىر چاغدا
كۆتۈرۈلۈپتۇ سۇدىن بېشى،
ئىككى قولىدا سۇزگەن قىلچى ...
...
ئويغىنىپ بىلدىم،
بۇ چۈشۈم دېدىم:

گۆھەرمۇ گۆھەر،
شەمشەرمۇ گۆھەر،
گۆھەر ھامان گۆھەر،
سۇ ئاستىدىمۇ،
يەر ئۈستىدىمۇ!

1984 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، كېچە

ئۇيغۇر كىتابلىرى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىتى

# شاھزادە

ياقا يىرتىپ گۈركىرەپ،
ئېسەدەپ، توختاپ، ئېسەدەپ .
مىڭ تولغىنىپ، مىڭ بىر چۆرگىلەپ،
چۈشتۈڭمۇ ئەرشتىن تەمتىرەپ .
قېتىپ كەتتى زېمىننىڭ باغرى،
قىزىپ كەتتى شەيتان بازىرى .
ئاھىنىڭ ئورنى ئاسماندا، يىغلا
يۇلتۇزلارنى چۆرىدەپ .

1996 ـ يىل



ئۇيغۇر كىتاب مۇنبىرى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ماكانى

# دۇلدۇل

بۇ تاغلاردا غايىب ئات بارمىش،
ئۇيۇل تاشتا دۇلدۇلنىڭ ئىزى .
كىم بىلىدۇ
روھاناتنى تۇرغاندۇر يوقلاپ،
ئىنسانغا تەنبىھمۇ پەرۋازى ؟

2006 ـ يىل، كېرىيە ـ پۇلۇ



# ياقۇت دۇنياسى

قىزىل، يېشىل، بىنەپشە ...
قولىرىڭدا بىباھا ياقۇت،
قايسى بىرىگە قاراپ ئۆلگۆرەي،
ھەربىر دانىسى قىپقىزىللا ئوت .
ئوتنى ئىنىلدىم سەمەندەرسىمان،
دىماغقا يەتتى سېھرىي لەززەت .
بولاقتىن ئۆرلىدى زەررە قۇم گويا،
مەجنۇنلۇقمۇ ياخشى ئاقىۋەت!
ئىككى تال ئۈچقۇن، ئىككى تال ياپراق
نەلەردە قېلىپ، ئۇچراشتى نەدە؟!
شوخ نەپەسلەر مەستلىككە ئۈندەر،
كاكۇلۇك قاتىل، بېشىم مەھشەردە .
خەپ - خەپ سېنى، زاتى شەيتان قىز،
تاغلىرىڭدا قار، ئالدىڭدا چېچەك .
چېچەكلەرنى بىر - بىر سۆيۈشتۇر،
ساڭا ئويۇندۇر، قىينا لەيلىدەك .
دېمەسمەن سېنى بىۋاپا ئاھۇ،
قۇم - بارخانلاردا كۆرەي ئۆزۈمنى.
كۆزۈم - كۆزۈڭگە مەرۋايىت تۆكەر،
يىپقا ئۆتكۈزۈپ بولسا شەبنەمنى .

1991 - يىل، قۇمۇل

# ئۈزاق

سېغىنىپ قالدۇ ئايدىڭنى كىشى،
يانتاقلىق يوللارنىڭ ئەگرى - بۈگرىسى .
دۈلدۈللارنى قوشقان ھارۋىغا،
ئۈستىدە باسدۇ جەننەت ئۈيقۇسى .

يالتىراپ قالدۇ بەزەن كۆمۈش سۇ،
غايىبلىق دۇنياسى تۇرغاندەك باشتا .
قانداشلار رىشتىسى شۇنداق تەقەززا،
يازلاردا سەلكىندەك، ئاتەشتەك قىشتا .

يىللار يادنامىسى ئەمدىدۇ نەدە،
ھاياتلار تېگىزقاپ، مەرھۇملار ئۈنسىز .
بىزلەرمۇ تىمتاسىمىز، ئۈزاقلار تىمتاس،
جاھاننىڭ كۆرگىنى شۇمدۇ سانسىز .

2006 - يىل 2 - ئاي



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurbook.com

## مەستۇرە

كۆيمەكتە قارا ئالتۇن
تاپان،
يوتا،
قوۋۇرغىسى،
قارىيىپ، ئىسلىشىپ، يالقۇنجاپ .
ئۇ كىمگە دەردىنى ئېيتىدۇ بۇ تاپ ...

2002 ـ يىل



# كومزەك كۆتۈرگەن قىز

كەربالانىڭ ئىسسىقمۇ بۇ ؟!
تىرەڭنى سويۇپ تاشلايدۇ قات ـ قات،
مۇشۇ چۆلدە،
بېشىدا كومزەك، بارىدۇ بىر قىز،
(بىر دەستە گۈل ئەمەس بۇ هايات !)
ئوقچۇپ ئاققان مۇز تاغ سۇلىرى
كىرىپ قالار چۈشكە بەزەن .
پەقەت ـ پەقەت ئىسىنىشنى
ئالماي بولماس ئوڭدىلا تەن !

1988 ـ يىل، پاكىستان



# قاشتېشى

شۇنداق نەرسە قاشتېشى
ئادەم ئاتا، نوھ ياكى ھام، سام
پىشار يېرى ئاستىنقى ئالەم،
بىزچۇ لېكىن ئۇستۈنكى ئالەم،
توغراق يېشنى ياشايلى مەيلى،
ئۆتۈپ كەلدۇق خام، خام يەنە خام .

2005 ـ يىل 5 ـ ئاي، كېرىيە



ئۇيغۇر كىتابلىرى ئارخىپى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلغان ئورنى
www.uyghurkitap.com

# ئەي دۇنيانىڭ خىلۋەت بۇلۇڭى ...

ــ بۇيلۇقتا

ئەي دۇنيانىڭ خىلۋەت بۇلۇڭى
قانات ئۇرۇپ تۇرغان غول ـ جىرا،
باش ئۇستۇڭدە
بىر خىل ياقۇتتەك تاغلار
يولۇڭ قايان
تاغقىمۇيا دېگىنىز ئارا ؟!
ئوت قىتئەسىنىڭ ئوتى باشقىچە
بۇ يەردە ئەبەدىي قالدىڭمۇ توختاپ ؟!
كۆنسە كۆنەر سەمەندەر بۇندا
تۇرماس ئەنقا قويىسا باغلاپ .
ئۆتتى كالا هارۋىسىدەك ۋاقىت
كەچمىشلىرىڭنى يىمىرىپ، ئەمما
تىمتاسلىق ئىچىدە تۇزىلەر ھۆسن،
ئۆزگىلەر ئۈچۈن بۇ بىر مۇئەمما .
مەرۋايىت سايلىرىڭ ياز ئىلاھىنىڭ
نەپەسسىمان ئىللىق خۇش پۇراق .
مۇخ باسقان قىيادا تەپچىرەر تامچە
شىپا بەخشلىكتە كەۋسەردىن ئارتۇقراق .
نامسىز بۇلاقلارنىڭ قۇم تىنغان سۈيى
كەچ كۆز ئاسمىنىدا يولغا سىرغىغان،

ئۇندا بار ئۇنتۇلغان بىر قەدىمىلىك،
بۇگۈن بىلەن قوشۇلغان بىر گەۋدىسىمان .
يېشىل تەكزاردا تونۇرنىڭ تەپتى،
ئۇندا بار جانلىقلار تونۇش، ناتونۇش .
ئاھ، بىر ـ بىرلىرىنى قىلىشىدۇ شەرت،
مۇمكىنمۇ قول تەگكۈزۈپ بولۇش .
بىر قورۇل ئۇنتۇلغان تۆپىلىك ئارا،
ئايلىنىپ تېخچە بورانخانىغا .
بۇ مۆجىزىلەرنى چۈشەنمەسلەر كۆپ،
سۆزلىسەڭ، دەر: «نە بوپتۇ بۇ ئەسكى تامغا !»
ھەربىر بوستاندا ئوخشىماس ھاۋا،
ئەي يولۇچى، نەپەس ئال چوڭقۇر .
شەمشەر بولمىغىنىڭنى قېنى مەن كۆرەي،
ھارغان روھىڭ پاكلانسا بىرقۇر .
بېشىغا كىسەك قويۇپ ئۇخلىغان دېھقان
كۆرگەندەك بىر شاھنىڭ چۈشىنى،
تەبىئەت ئىلكىگە قايتسۇن ئىنسان،
نە ھاجەت يۇدۇپ يۇرۇش تەشۇشىنى !

1990 ـ يىل



## تۆگە

كاراچى كوچىسى،
بىر تۆگە كۆردۈم،
بوينىغا ئۇنىڭ كولدۇرما ئەمەس
كۆك مارجان ئېسىپ قويغان ئىگىسى .
ئەجەبلىنىپ كەتمە، بۇرادەر،
تۆگە دېگەن قىز بولمىسا، دەپ .
شەھلا كىرپىكى ئېچىلسا، گويا
سەندەلدىن ئۇچقۇن چاچرايدۇ ھە دەپ .
چۆلنى تاشلاپ بەرسەڭ ئالدىغا،
يولدا ھەرگىز قالمايدۇ يۈكى .
خىسلەتتە بار، زۇۋاندا ھېچ يوق،
قۇيرۇقىنى قۇم باسقۇچە تاكى !

1988 ـ يىل 5 ـ ئاي، كاراچى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئارغان

يەنە بىر پىنھان خارابە،
ئاخىرقى ئىزلىرى قاپتۇ بايقىلىپ .
ۋاقىت ئېقىنى مىسلى بىر تاۋاق
چىققاندەك قۇم ئالتۇن چايقىلىپ .
تېرىگە ئوراق قالدى قايسى سىر ،
توغراق بۆشۈكتە تەۋرەنگەن ئۈزاق .
كەچمىشنىڭ بېشى قايسى دەپتەردە،
تىلسىملار شۇ پېتى كېتەرمۇ قانداق .

2005 ـ يىل 5 ـ ئاي، ۋاشىشەر، كېچە

# قۇتتاغدىن ئۆتۈش

مېغىز رەڭ تاغ، يەنە شۇ ئېغىز،
ئەسىرلەرنىڭ يوقتەك سوئالى .
ئەلمىساقنىڭ شاملى ئىسسىق،
ئالۋۇن بىلەن يوللارنىڭ هالى .
ئارغىماقلار قاپتۇ هەيكەللىسىز،
قانچە ئوغلان كەتكەندۇر ئۇزاپ .
كالا بۇرنىدىن چۈشۈپتۇ ئادەم،
ئۇزاقتا گۈمبەزلەر يېتىمسىراپ .

2004 ـ يىل



ئۇيغۇر كىتابلىرى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ www.uyghurbook.com

# لۈكچۈن مەدرىسسى ئالدىدىكى كوچا

بۇ يەر
بىر تارىخنىڭ سۇ بىشى تەھقىق،
قەدىم چىرايلار كۆرۈنەر غۇۋا.
نىرىدا خارابە ئوردا سىپىلى،
كەچمىش، سەلتەنەت، قالمىش شۇ گۇۋاھ .
يىللار شىددىتىگە بىرەلمەس چىداش،
جانجىگەرلەر يوق كۆزۈڭگە سۇرسەڭ،
تۇپراق، يۇرت مىھرى تەسەللىمىدۇ،
نە چىقار گۇگۇمدىن مىڭ بىر ئىزدىسەڭ .

2008 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنــى
لۈكچۈن ـ ئۈرۈمچى



# مۇرتۇق غولىدا

بىر شاخچە سۇ،
ئۇچار، ئوينار بېلىجان،
يىڭناغۇچلار قوغلىشار،
نېرى ياندا كۆكيالپۇز لەيلەر
يارلىق ئارا كۆلتۈك توپا،
چۈنچىلەر خۇشبۇيى ئەنبەرسىمان .

2004 ـ يىل





www.uyghurchap.com

# گۆھەر

– مۇزبىدا

سەن ئەمەسسەن بىزگە چاغداش،
سەن چۆچەكلەر ئىچىدىن چىققان .
يەنە چۆچەك ئاڭلىغاي دەمسەن،
لەكىن ئادەم سېنى تىڭلىغان .
زىناقلىرىڭ
تارىخ زىياسىنىڭ ئەكسىمۇ؟
مۇشتۇمچە تاش بولساڭمۇ كاشكى
جۇلايىڭ
ئۆتكەنلەرنىڭ ھېسسىيات – غايىسى
ھېكمەت سىرىمۇ؟
بەلكى سەن گىگانت
بەلكى سەن زەررە،
ئۇستۇڭدىكى ھەر سىزىق، چېكىت
بەرداشلىقىڭنىڭ نىشان – تامغىسى،
ئۆزىنى سۇركەپ ئۆتىدۇ ۋاقىت .
ۋۇجۇدۇڭ تارىختىن يادىكار،
بەلكى ئىبسىڭدە تېخى:
ئۇرۇش، تىنچلىق،
قۇرۇش، بۇزۇش،
جىنايەت، ئىنساپ،
گۈزەللىك، رەزىللىك،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچ

قۇياش سەپكەن نۇر،
قارا بۇلۇتنىڭ قاراڭغۇلۇقى،
بۇنىڭ بىلەن قالدۇرغىنىڭ راست
تارىخىنىڭ چىن ئىزاھاتىنى،
نەزەر سېلىپ چارچىماي ئەسلا
كېيىنگە تىكىپ كۆز قاراقىنى.
قىممىتىڭنى بىباھا دەيدىكەن دائىم
ئېلىپ كەلسىمۇ ئۇ يالغۇزلۇق ساڭا،
گەرچە تاش بولساڭمۇ مۇشتۇمچىلىكلا.

1989 ـ يىل، مەمەر دېڭىزى بويىدا

# ئاخىرقى كارىز سۇلىرى

بۇ ئەمەس چۈش
بارىسەن زەمزەمگە ئايلىنىپ،
بېشىڭ ئۈزرە پىرقىرار ئاسمان،
كېمىرلىرىڭ ئوڭايسىزلىنىپ.
دەيمىز مۇ خەير،
چاك - چاك قىلار ئۇچار قۇش ھەتتا.
كۆيۈپ - كۆيەر تۇپراق،
ئىچىڭگە چوغ چۈشەر بۇ تاپتا!

2004 - يىل، تۇرپان



# پاختەك نېمە دەيدۇ ...

— تۇرپان رىۋايىتى

ئۇ زامان ـ زاماندىن ئىلگىرى
بىر دېھقان يىگىتنىڭ دىلبىرى،
گۇناھى ئۆيىگە بارسا جۇمەلەپ
تۆھمەت ئەيلىگەنمىش يەڭگىسى .
گەپكە قېلىپ، نە ئىزا ـ نومۇس
دەپتۇ زارلاپ: قۇش بولۇپ كېتەي،
مەقبۇل بولغانمىش تىلەك ـ نالىسى .
شۇندىن كېيىن دەرمىش سايرىسا:
ـ گۇ ـ گۇ ـ گۇك،
مەن پاختەك،
يەڭگەم ئۆچ .
بۇ ئەمەسمۇ تۇزلۇق چاققانغا
سامادىكى لەنەت تامغىسى !



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىرى

## قۇم

قۇملارنىڭ يولى بار، ھەددى بار،
مىجەزى بار توختىمايدىغان .
شامال ئاتلىق شۇ ھەيكەلتىراش،
ئۇنى مىڭ خىل تاراشلايدىغان .

سۇدەك ئاقار جەزىرە ئارا،
ئالدىرىشى نېمىدىن دېرەك .
يالىڭاچ ۋۇجۇدى قورۇنۇشتىن تا
يۈرەرمۇ دالدا ئىزدەپ بەكرەك .

2005 ـ يىل 5 ـ ئاي

# ئاقتىكەن

شىمال ياقتا ئاخىرقى چۆلدە
ئاقتىكەنمۇ قالمايدۇ تۈگەپ .
ياپ ـ يالىڭاچ، رەڭگىدە بىر سۇر
ھەر تىكىنى تۇرار تىرەجەپ .

يا چاراسلاپ چاچىدۇ ئۇچقۇن،
ياكى قۇمدا چىرىش قىسمىتى .
ئۇ كۆنۈككەن تىمتاس جىمىلىققا
ياشار پەقەت يۈزى ئاق پىتى .

1987 ـ يىل 4 ـ، 8 ـ ئايلار
بورتالا ـ ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتابلىرى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېچىتىكى www.uyghurkitap.com

## ھېيتگاھنىڭ ئالدىدا

ھېيتگاھنىڭ ئالدىدا،
بىر سايىۋەننىڭ ئاستىدا،
دۇغاپ ئىچتىم پۇچۇق ھجىردا،
مۇز پارچىسى ئاغزىمدا،
مۇزلىدى چىشىم،
چۇچۇمەل قېتىقنى تامشىدىم .
ئولتۇرغىنىم ئەسكى ئورۇندۇق،
لېكىن روھىمدا ئۆزگىچە غۇرۇر.
بۇندا سۇرگىنىم جەننەت پەيزى،
ئىچكىنىم شارابى ئەنتەھۇر!

1984 ـ يىل، 8 ـ، 9 ـ ئايلار
قەشقەر ـ ئۈرۈمچى



## پۇچىلىنىش

سامانىڭ نەرىدە تۇراركىن قىسمەت،
تەقسىم قىلىنۇر قانداق ئىنچىكە،
كەلگەندە بىشىغا تاشقىن مىسالى،
تارتماي نەئىلاج يولۋاس بول، تۈلكە .
ئەي مۇشلۇق شەبنەمدەك ئادەمزات ،
ئۇ سەنمۇ ۋە ياكى مەندۇرمەن .
كۆلپەتلەر سۇغۇرۇپ كەتسە ھەممىنى
ھەتتا قالغاندىمۇ قۇرۇق تەن،
كىلەرمۇ ئورنىغا بىركۈن يوقالغان،
پۇچۇلغان يۈرەك تۈزۈلەر قاچان،
غىرىبلىق شەھرىدە رىيازىتىڭنى،
ئۆزۈڭدەك چۈشىنەر قايسىبىر ئىنسان .

2005 ـ يىل 2 ـ ئاي



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurbook.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ...

# نورۇز بوۋا

نورۇز بوۋا
كىمە تەلپەكلىك، خىزىر ساقاللىق،
ئارغىمىقى ئالتۇن ئىگەرلىك،
ھۆرمەت تەختىدە
يا ئىلى، ئاقسۇ، كۇچا،
يا تۇرپان، قۇمۇل، خوتەن،
يا كاشغەردىكى ئوپاللىق .
توغراقلار بېشىنى كىلىدۇ ياشاپ،
باياۋان ئارا يۈرەرمىش يالغۇز،
ئاداشقانغا بولارمىش ھەمراھ،
ئۇسسىغانغا قاپاق سۈيى مۇز .
سۈت ئۇيقۇدا ياتسا ھەر سەبىي
غايىبانە بېشىنى سىلاپ،
تىلەر ئىمىش بەختىنى
دۇلدۇل بول دەپ، دەققە ساناپ .
ئۇ ھەمىشە مۇشۇنداق دەرمىش:
ھۇرۇن ئۇچۇن يانچۇقمۇ ئېغىر.
قولدا بولسا ئەقىل مەشئىلى
تەڭ كېلەلمەس سۇمۇرغ ئاخىر.

2006 ـ يىل 2 ـ ئاي، ئۈرۈمچى

## سۇلتان سەئىد قىلىچ مازىرى

بىر تۆپىلىكتە
تۇرۇپتۇ يادگار قەبرىسى .
تەن ئورنىدا ياتقان قىلىچ بۇ،
ياۋغا دەككە بەرگەن يىلىسى .

تولۇن ئاي دەريانىڭ ئۈستىدە،
دۇبۇلغا چاقنىشى بەستىدە .

2006 ـ يىل كېرىيە ـ پۇلۇ



# بىر ئەما قىزنىڭ ھاسسىغا بېغىشلاپ

— كىچىك ھاممام كوچىسىدا

تەقدىرا، ئۇز يارىتىپ لېيىنى
مۇپتىلا قىلدىڭمۇ تاياقىقا ئۇنى .
قانداق چۈشىنىپ، چۈشەندۈرەيمەن،
بىلمىگەن بىلمەس ۋابالىلىقنى .
قارانچۇق ئەمەس ئۇ قوغۇنلۇقتىكى،
ئۇندا بار جامال، ئاتەش ۋە ئەقىل .
مەن ئاسىيانىڭ ئۇ تەرىپىدە
ئەي ئىنسان، غېمىڭدە يۈرىمەن بىلگىل .
تەقدىر تارازىسىدىن مىراسمۇ كايىش،
شەھرىمدە ئىچىم سىيرىلىدۇ خوپ .
ئۇ يەنە يۈرگەندۈر كوچىلار ئارا
بەلكىم گۆھەر ئىزدەپ يەرلەرنى چوقۇپ .

1989 ـ يىل ، مەرمەر دېڭىزى بويىدا



## چەرچەن يولى

ھاشارچىلارنىڭ پەريادى نەدە،
گىياھلار غولىدا قالدىمۇ توختاپ.
زامان مەيخانىلىرى كېتىپتۇ ئۇچۇپ،
بولماس ئىكەن تۇپراقنى ئالداپ.
قۇم ـ توپا ئىلكىدە بىر مەشۇت يىپسەن
ۋە يا ئىپاردەك ئىللىق، جىلۋىدار.
باياۋان ئىچىدە يېگانە ياقۇت،
ئالەمدە نەچچىدۇر مۇشۇنداق تۇمار.

2004 ـ يىل



www.uyghurix.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ماكانى

## كېچىدە دېڭىزغا نەزەر

دولقۇن قات ـ قات،
ئاق يالنى ئويناتقاندەك ئات،
چاقىراپ بىر مۇڭلۇق سادا
چىللىغاندەك مەشۇقنى پات ـ پات .
دولقۇن نېمىنى ئىزدەيدىغاندۇ،
سادا نېمىنى سۆزلەيدىغاندۇ،
دولقۇن سۆيسە ساھىلنى،
سادا ئېرىتىپ ئالار كۆڭۈلنى،
ئالدىمدا بىر شېئىريي تىلسىمات .

1988 ـ يىل، كاراچى ـ ئەرەب دېڭىزى بويىدا



www.uyghurkitap.com

## بىر تۈپ سىرلىق دەرەخ

بۇ دەرەخ تېخىچە ياشىرىپ،
سوغ قۇچىقىغا بارىدۇ كىرىپ،
چېچەك ھەمدەم مېۋىگە
تۈنۈگۈن ئېرەندەك قىزىرىپ .
ئۇنى ساقلارمىش بىر يىلان،
كۆرۈنمەسمىش ئادەمزاتقا .
بەلكى ئۇنىڭ پەرۋانىسىدۇر،
كىم نېمە دەيدۇ ئاجايىباتقا .

2004 ـ يىل



# شېكەر توغراق

شېكەر توغراق بىر پارالڭ،
بۇنى ھېچكىم توقۇغان ئەمەس .
شورلۇقنى دەسسە، تۇز يالا،
تېتىمغۇچە لەززەت بىلىنمەس .

جاڭگال يىراقتا، ئوتۇنغا بارسا،
ئۇلاغمۇ ھارىدۇ يول يۇرۇپ .
بىر كۈن بوۋايغا ھاردۇق يېتىپ،
ئوغلىغا يالۋۇردى، جورۇپ .
ماقۇلغا كەلدى بالا، بىراق،
يولغا ئالماقچى بولدى ئاق نانىنى .
كەتمەندەك يوغان بىر زاغرا،
چىقاردى ـ دە، جان ـ ئىمانىنى .
تۇتتى خۇيى، تۇرۇلدى قاپاق،
بارماسلىققا ئاستى قازانىنى .
دەريا دېگەن كېچىكسىز بولماس،
ئۇناپ قالدى بىركەمدە،
ھارۋىغا قاتتى ئۆكۈز پالۋانىنى .
جىن كىرگەندەك ئىچىگە،
يولدا يەنە پىكرى قوزغىلىپ،
قانداق غاجايمەن زاغرىنى، دېدى،
ئاچچىق يۇتۇپ بوغۇلۇپ .
بىر توغراققا يەتكەندە،
نانىنى تېشىپ يىپقا ئۆتكۈزۈپ،

ئېسسپ قويدى ئېگىز بىر شاخقا،
سەكرەپ كەتتى نەچچە پەستە كۆرۈپ.
توۋلىدى غەزەل بولۇشغا،
دوراۋەردى قارا قۇشقاچمۇ،
ئۇزاۋەردى ئۇزىغانسىرى،
خېلى ئۇزۇندا چۈشتى كەچمۇ.
بىر ئۇخلىدى، ئويغىنىپ،
ئەتراپقا قارىدى، ئەمەسلا بىر يەر.
چۆرگىلەپ يۈردى ئۈچ كۈن،
ئۆزىنى كايىسا نە پايدا، بۇرادەر.
ئۈزۈلدى ماغدۇر،
ئۆزى قاياندا، ئۆيى قاياندا،
بۈگۈندىن ئۆتسە ئىش تامام،
كىم تەسەللى بېرەر يىغلىغاندا.
ئەلەم قىلدى بەڭباشلىقى،
لېۋىنى چىشلەپ كەتتى قان ـ قان.
بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ
قارىسا دەرەختە تۇرمامدۇ نان.
شۈكۈر دېدى،
يۈكۈندى ئالدىدا
خۇددى سەجدىگە چۈشكەندەك.
تارامىلىدى ئىسسىق يېشى
قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندەك.
تۈنۈگۈن ياراتمىغان زاغرىنىڭ،
ھەسەل ئىكەندۇق خېمىرى.
بۇرنىغا بۇ قېتىم سۇ كىردى،
ھوشىنى تاپتى شۇنىڭدىن بېرى.
شېكەر توغراق ھەر قەيەردە بار،
ئادەم بولۇشنىڭ بىرىنچى شەرتى.

1994 ـ يىل شايار

# بىر تال بىلىقنىڭ دەپنە مۇراسىمى

(ھەجۋىي شېئىر)

يۇيۇپ ـ تاراپ تەقلەيدۇ سىنى،
چاچقۇلار ئىچىدە تۇرقۇڭ بىر لەھەڭ .
بېشىڭنى قارىتىپ قويار بىركىمگە،
(ئۆپكەڭنى قۇيسۇن دەپ بۇيرۇيدۇ، ھەتتەڭ !)
قىلتىرىق يالىلدار قاراڭغۇلۇقتا،
قالغىنى ئومۇرتقاڭ سەدەپ رەڭگىدە .
بۇ ساڭا ناتونۇش شۇنداق بىر دېڭىز،
تىمساھ بار، ئادىمي بىلىقلار ھەمدە .

1994 ـ يىل، كۇچا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب

# چېقىل

سۇنىڭ سۈزۈكى، ئوت ئۇچى بۇندا،
چېقىللار مەن دەيدۇ مەيدىگە ئۇرۇپ .
يەتتە ئىقلىمغا نامەلۇم ئەزەل
شۇندىن بېرى قاپتىكەن تۇرۇپ .
چېقىل ئارقىسى يەتتە قات تاغدۇر،
قويچى گەمىسىدە يېلىنجار ماياق .
بەزىدە ئوتىسىنىپ ئولتۇرار ئىمىش،
چاچلىق بىر ئالۋاستى، يالاڭ ئاياغ ...

2006 ـ يىل 7 ـ ئاي، كېرىيە ـ پۆلۈ



# ئۇقا بويان

ئۇقا بويان زاتىڭ نەيەردىن؟
بىز ئۇچراشتۇق ئۆتكەنكى بىر ياز.
سەن بىر ئۇچقۇر، نازىم جەمەتى
شۇ ۋەجدىن سادا ھەم پەرۋاز.

بىر پەسىلدە قاناتمۇ ئاجىز،
قەھرىتاندا كەچتى نە ھالىڭ.
گەر ئۇۋاڭدىن بولساڭ تاشقىرى،
تارتىشقاندۇ غېرىب زىل تارىڭ.

سوغۇق ئارا چۈشكە ئۇلىشىپ،
نە ـ نەلەرگە باردىڭ پەرىزات.
ئۇنتۇش ئۇچۇن بۇيرۇلغانمۇ سەن؟
مۇڭداش كۆكتە خىيالىم پات ـ پات.

2005 ـ يىل 4 ـ ئاي، كىبرىيە

## شەرقتنكى تاغلار

نە داۋان، بۇلاقتا نام بار،
تاغچىلار ئۆتۈشەر ئاتلىق، پىيادە .
ئاق كىگىز ئۆيلەردىن يۇرايدۇ قىتىق،
تاۋىدا قايماق قاتلىما پىشار ئازادە .
تۆۋەنلەپ چۈشسەڭ ياڭاق باغلىرى،
يۇقىرىدا قورام تاش ئارا ئالمىلىق .
قۇشلار قانات ئۇرۇپ بارمىغان يەرلەر
قوينىدا،
نامەلۇم سەنئەتكار قاچاندۇر ـ قاچان
تاش ئۈستىگە رەسىم ئىشلىگەن سىلىق .
بۇغا، ئارقار، يىلپىز ۋە تۇلپار ...
ئەمەس بۇ ياۋايى تەسرات .
مۆزىبى بۇ، شامالار بىر ئەينەك،
خىزىر سۈيىدەك قالار ئۇچراپ .

1990 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب

# يولچى

تۈرسمۇ بۆگۈننىڭ بوسۇغىسىدا،
قولى قەدىمنىڭ تارازىسىدا،
ھەر مۇميا تىرىلىپ، شۇئىرلاپ دەرمىش:
تىلسىم بىز ۋاقتنىڭ ئەپسانىسىدا .
ئەس ـ يادى دىيارنىڭ تاغ ـ دالاسىدا،
پەرىشتە جامالى مۇددىئاسىدا .
بىر نەپىس ساپالدىن بايقار مىڭ قىسسە،
شەبنەم بار، سەلكىن بار روھ دۇنياسىدا .

2006 ـ يىل 5 ـ ئاي، ئۈرۈمچى

# ئاللىچى راۋاب

سۈكۈنات ئىچىدە ئەرش تاغلىرى،
زەخمەكتىن ئەۋجىدە ئاللىچى راۋاب .
كۈراپ سۈلىرى ئۈزۈلگەنمىدۇر،
مۇڭ تەگسە قالماسمۇ مۇڭسىراپ .
ۋاقىت قانىتىدا قەدىمىي غەزەل
نەگىدۇ ئالدىراپ ئوقۇيدۇ ھاپىز .
ئەتىكى كاللىنىڭ سۆڭەكلىرىدىن،
كېچىكىپ قانداقمۇ ئۈنى ئىزدەرسىز ...

2006 ـ يىل، كېرىيە ـ پولۇ



# قەدىمكى كېچە

توزغار، پىرقىرار، قوغلىشار،
بېلىق قاسىرىقىدەك يالتىراپ .
هۆر ـ پەرىلەر ئۆتمەكچىمىدۇ،
بۇ كېچىدە زېمىننى پاكلاپ .
هەۋۋا ئانا ئىسرىقدانىدىن،
ئۆرلىدىمۇ سەندەل تۈتۈنى .
ئۇ چاقىرىمىدىن مۇزدەك خۇش پۇراق،
كۆرەرمىزمۇ مەنزىل چېكىنى .

2002ـ يىل



www.uyghurkitap.com

# قەدىمىي يارغولدا كەچ كۈز

ئاپتورى : بۇغدا ئابدۇللا
مەسئۇل مۇھەررىرى : مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورلىرى : سەنەۋەر ، گۈلشەھەر
تەكلىپلىك كوررېكتورى : ياسىن زايىموف
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون : 0991—2827472
پوچتا نومۇرى : 830001
باسقۇچى : شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر ، 1/32
باسما تاۋىقى : 5
قىستۇرما بېتى : 4
نەشرى : 2008 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2009 ـ يىلى 2 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 5001—8000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—11690—4
باھاسى : 15.00 يۈەن

[General Information]
书名=古交河的晚秋　维吾尔文
SS号=40232595